تارقاتقۇچى
www·islamyoli·net

بسم الله الرحمن الرحيم

رەھمان رەھىيم ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

# شەرئەتتىكى مۇزارەبە شىركىتى تۈزۈمى

مۇزارەبە شىركىتى دېگىنىمىز بىر تەرەپتىن پۇل، يەنە بىر تەرەپتىن كۈچ بىرلىشىپ چىققان پايدىدا شېرىكلىشىش بولۇپ، بۇنداق شېرىكلىشىش ئۇسۇلى ئىسلام فىقھىدا (ئەلمۇزارەبە) ياكى (ئەلقىراز) ياكى (ئەلمۇئامەلە) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مەزمۇنى: پۇل ئىگىسى بىلەن كۈچ ئىگىسىنىڭ پايدىنى ئۆزئارا مەلۇم پىرسەنت بويىچە ئۈلىشىش مەقسىتىدە پۇل ئىگىسى چىقارغان پۇلنى كۈچ ئىگىسى چىقارغان كۈچ بىلەن ئايلاندۇرۇشقا كېلىشىشتىن ئىبارەت[1].
ئەمەلىيەتتە مۇزارەبە كېلىشىمى ھەر بىر باشقۇچىدا بىر خىل كېلىشىم تۈسىنى ئالىدۇ، شۇڭا ئالىملاردا مۇزارەبە ھەققىدە مۇنداق بىر سۆز مەشھۇر: "مۇزارەبە دەسلەپتە پۇل تاپشۇرغان چاغدا ئامانەت، پۇلنى ئايلاندۇرغاندا ۋاكالەت، پايدا چىققاندا شېركەت، خىلاپلىق قىلغاندا تارتىۋېلىش، پايدىنىڭ ھەممىنى پۇل ئىگىسى ئالىدۇ دەپ شەرت قىلغاندا سېتىپ قويۇش، پايدىنىڭ ھەممىنى كۈچ ئىگىسى ئالىدۇ دېگەندە قەرزدىن ئىبارەت بولىدۇ".[2]. يەنە بەزىلەر مۇنداق دەپ قېتىپ قويغان: "مۇزارەبە كېلىشىمى بۇزۇلسا كۈچ ئىگىسى ئىشلەمچىدىن ئىبارەت بولىدۇ".

## مۇزارەبە كېلىشىمى نېمە ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك؟

ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى ھەر خىل ئىقتىداردا ياراتقان، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك بولسا بەزىسى دۆت ۋە تەدبىرسىز، بەزىسى كۈچلۈك بولسا بەزىسى ئاجىز، بەزىسى باي بولسا بەزىسى نامرات، بەزىسى تىجارەت قىلالايدىغان بولسا بەزىسى قىلالمايدىغان، بەزىسىدە پۇل بولغىنى بىلەن

[1]- الفقه على المذاهب الأربعة 3-تەتە 34-بەب. الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 874-بەت. بىز بۇ مۇئامىلە ئۇسۇلىنى باشقا مۇئامىلە ئۇسۇللىرىدىن ئايرىپ ئۇيغۇرچە دەل ئىپادىلەش ئۈچۈن (پۇلكۈچ شىركىتى) دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئاتالغۇ بۇ خىل شىركەتنىڭ ماھىيىتىنى ئۇيغۇرچە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەسلىدە مۇزارەبە كېلىشىمى سەرمايىدە ئەمەس پايدىدا شېرىكلىشىشنى بىلدۈرىدۇ، مۇزارەبەدە پايدا چىقمىسا شېرىكلىك بولمايدۇ، باشقا شىركەتلەر ھەم سەرمايىدە ھەم پايدىدا شېرىكلىشىشنى بىلدۈرىدۇ، مانا بۇ مۇزارەبە كېلىشىمى بىلەن باشقا شىركەتلەرنىڭ مۇھىم پەرقىدۇر. مۇزارەبە كېلىشىمىدە پايدا چىقمىسا شېرىكلىشىش بولمىغاچقا بەزى ئالىملار ئۇنى شېركەت دەپ قارىمىغان، قانداقلا بولمىسۇن مۇزارەبەدە پايدا مەقسەت بولغاچقا مۇزارەبە كېلىشىمىنى شىركەت دەپ ئاتىۋەتسەكمۇ چوڭ مەسىلە يوق.
[2]-التريفات للجرجاني.

ئۇنى قانداق ئاۋۇتۇشنى بىلمەيدۇ، بەنە بەزىلەر پۇل بولسا ئاۋۇتۇشنى بىلگىنى بىلەن ئۇلاردا پۇل بولمايدۇ، بىز ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بۇنى كۆپ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز، بەزى كىشىلەردە پۇل بولسىمۇ كۈچ يوق، ياكى ۋاقىت يوق، ياكى ئەقىل يوق، ياكى تەن سالامەتلىك يوق، ياكى تەجرىبە يوق بولغانلىقتىن قولىدىكى پۇلنى پايدىلىق بىر تىجارەتتە ئايلاندۇرالماي قالىدۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەردە كۈچ بار، ۋاقىتمۇ بار، ئەقىلمۇ بار، تەن سالامەتلىكمۇ بار، تەجرىبىمۇ بار، بازار ئەھۋالى ۋە تىجارەتتىن خەۋىرىمۇ بار، تىجارەت قىلسا پايدا ئېلىشقا كۆزى يېتىدىغان بولىدۇ، بىراق بۇلاردا يېتەرلىك پۇل، سەرمايە يوق.

ئىسلام شەرىئىتى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، زىيانلىق ئىشلارنى قىلىشنى چەكلەيدۇ، مۇزارەبە شىركىتى ئارقىلىق پۇلنى ئايلاندۇرۇش جەمئىيەتتە ئىشسىزلىقنى ئازايتىدۇ، مۇھتاج كىشىگە سەرمايە تەييارلاپ ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، پۇلنى يوقىتىۋەتمەي ئاۋۇتىدۇ، ئىقتىساد ھەرىكىتىنى جانلاندۇرىدۇ، پۇل ئىگىسى بىلەن كۈچ ئىگىسىگىلا ئەمەس ئەتراپىتىكى بارلىق جەمئىيەت ئازالىرىغا پايدا يەتكۈزىدۇ.

پۇلنى بېسىپ يېتىپ ئىشقا سېلىپ ئاۋۇتمىغان تەقدىردە بۇ پۇل زاكات بېرىش ئارقىلىق قوراپ كېتىدۇ، پۇلنى ئىشقا سالماي بېسىپ ياتىدىغانلار پۇلنىڭ بۇنداق قوراپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايدۇ-دە زاكات بېرىشتىن باش تارتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالغا قالىدۇ، چۈنكى بۇلار پۇلنى بېسىپ يېتىۋېلىش ئارقىلىق چوڭ ئىككى جىنايەت سادىر قىلغان بولىدۇ، بىرىنجىسى پۇلنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەنلىك، ئىككىنجىسى پۇلنى ئىشقا سالماي رولىنى جارى قىلدۇرمىغانلىق.

ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىمىز پۇلنى بېسىپ يېتىۋالماي ئىشلىتىپ ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا بۇيرىغان، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پۇبنى ئاللاھ يولىدا خەجلىمەي بېخىللىق قىلغانلارغا قاتتىق تەھدىد سالغان ھالدا ئاگاھلاندۇرغان: ((ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى **الله** نىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن، ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن ــ كۈمۈشۈڭلار ( سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى **الله** نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ)).(3)

يەنە بىر تەرەپتىن پۇل زاكات بېرىش ئارقىلىق قوراپ تۈگەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىسلام دىنىمىز پۇلنى ئاۋۇتۇپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ((كىم يېتىم-يېسىرنىڭ مال-مۈلكىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولسا، ئۇنىڭدا تىجارەت قىلسۇن، زاكات ئۇنى قورىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن تاشلاپ قويمىسۇن))(4). ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

[3] - تەۋبە سۈرىسى 34-35-ئايەتلەر.
[4] - سنن البيهقي11300-ھەدىس.

((يېتىم-يېسىرلارنىڭ مال-مۈلكى زاكات بېرىش بىلەن قوراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئايلاندۇرۇپ تۇرۇڭلار))[5]

يەنە بىر تەرەپتىن قارايدىغان بولساق ھازىرقى جەمئىيەتتە كىشىلەردە ئامانەت، ھارامدىن ساقلىنىش، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك، راستچىللىق دېگەندەك ھەر بىر مۇسۇلماندا تېپىلىشى كېرەك بولغان ئاساسلىق ئەخلاقلار تېپىلغۇسىز گۆھەردەك قىس بولۇپ كەتتى، كىشىلەر بىر-بىرىگە ئىشىنىشمەيدىغان، ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ دېگەندەك ئىشەنگەن كىشىلەر ئامانەتسىز چىقىپ قالىدىغان، شېرىك شېرىكنى ھەرخىل ئۇستىلىق ۋە ھىيلە-مىكىر بىلەن قويۇۋېتىدىغان، ھەتتا باشقىلاردىن ئالغان قەرزىنىمۇ بەرمەي تۇرىۋالىدىغان ئەھۋاللار كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى نورمال ۋەقەلىككە ئايلاندى، ئومۇمەن بىز مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىمۇ باشقىلار بىلەن ئىقتىسادىي مۇئامىلە قىلىشقا خاتىرجەم بولالمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە پۇل ئىگىلىرى پۇللىرىنى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى بولمىسا باشقىلارغا ئىشەنچ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن پۇلنى بىرسىگە بېرىپ ئىشقا سېلىشتىن ياكى شېرىكلىشىشتىن قورقۇپ بانكىدا ساقلايدىغان، ئۆسۈم يەيدىغان، زاكات بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى.

پۇلنى باشقا بىر ئۇسۇلدا ئايلاندۇرالماي قالغان ئەھۋالدا ئالدىمىزدا تۆۋەندىكىلەرنىڭ بىرىنى تاللاشتىن باشقا يول يوق: 1-ھېچ ئىشقا سالماي بېسىپ يېتىش، بۇنداق ئەھۋالدا زاكات بېرىش پۇلنى تۈگىتىۋېتىدۇ، ھەمدە پۇلنى ئىشلەتمىگەنلىك جىنايىتى يۈكلىنىدۇ. 2-ھېچ ئىشقا سالماي بېسىپ يېتىش ھەم زاكىتىنىمۇ بەرمەسلىك، بۇنداق ئەھۋالدا نامراتلارنىڭ ھەققىنى بەرمەي مەسئۇلىيەتكە قالىمىز، ھەمدە ئۆستۈرمىگە پۇلنى ئىشلەتمىگەنلىك جىنايىتى يۈكلىنىدۇ. 3-پۇلنى ئىشقا سالماي باشقىلارغا ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش ياكى بانكىدا ئۆسۈملۈك ئامانەت قويۇش، بۇ بارلىق ئەمەل ئىبادەتنى بىكار قىلىۋېتىدىغان خەتەرلىك جازانە جىنايىتى بولىدۇ. 4-باشقىلارغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرۇش. بۇ ساۋابلىق ئىش، لېكىن شۇنداقتىمۇ داۋاملىق قەرز بېرىپ ئىشلەتمەي تۇرىۋەرگەن تەقدىردە زاكات بېرىش ئارقىلىق پۇل قورايدۇ، لېكىن ئاللاھ تائالا باشقا تەرەپتىن پۇلغا بەرىكەت ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەرز ئالغۇچىلار قەرزنى قايتۇرماي ئاۋارە قىلىشىمۇ ئېھتىمال. 5-پۇلنى باشقىلارغا مۇزارەبە كېلىشىمى بويىچە پايدىنى تەقسىم قىلىش ئارقىلىق شېرىكلىشىپ تىجارەتكە سېلىپ ئايلاندۇرۇش، بۇ يۇقىرىقى بىر قانچە ئىشنىڭ ئەڭ پايدىلىقى بولسا كېرەك، چۈنكى مۇزارەبە كېلىشىمدە پۇلنى ئاۋۇتۇش بار، زاكاتىنىمۇ بېرىش، بېسىپ يېتىش جىنايىتىدىن، شۇنداقلا ئۆسۈم يېيىش ۋە يېگۈزۈش جىنايىتىدىن ساقلىنىش بار، پۇل تاپالمىغان كۈچ ئىگىسىگە ئىمكانىيەت تەييارلاپ بېرىپ ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزۈش بار، جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلىقنى تۆۋەنلىتىشكە ھەسسە قېتىش، شۇنداقلا تىجارەت ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇش بار.

[5]-سنن البيهقي11300-ھەدىس. سنن الدارقطني 1996-ھەدىس.

شۇنداقتىمۇ بىز مۇسۇلمانلار قوللىرىمىزدىكى ئىقتىسادىي بايلىقنى ھالال يول ئارقىلىق ئۆستۈرۈش ئۈچۈن يا پۇلنى ئۆزىمىز ئايلاندۇرىشىمىز كېرەك، ياكى ئىشەنچلىك، ئامانەتلىك كىشلەرنى تېپىپ (مۇزارەبە شىركىتى) قۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە جەمئىيەت ھەر زامان ئامانەتلىك كىشلەردىن پۈتۈنلەي خالىي بولمايدۇ، ئازراق پۇلنى زىيان تارتىشقا تەۋەككۇلچىلىق قىلىشتىن قورقۇپ پۇلنى ئىشلەتمەي قالساق ئاخىرى ئاللاھ پەرز قىلغان زاكاتنى بەرمەي قالىمىز، ياكى بولمىسا ئاللاھقا جەڭ ئىلان قىلىش دەپ سۈپەتلەنگەن جازانىگە قەدەم قويۇپ سالىمىز، مۇزارەبە كېلىشىمىدە تارتىپ قېلىش ئېھتىماللىق بولغان زىيان بۇلارغا قارىغاندا يەنىلا ئەڭ يەڭگىل زىيان ھېسابلىنىدۇ.

ھەقىقىي مۇسۇلمان دېگەن خىيانەت قىلمايدىغان، يالغان سۆزلىمەيدىغان، شېرىكىگە يامان نىيەتتە بولمايدىغان ئامانەتلىك، راستچىل كىشىدۇر، مۇشۇنداق كىشلەرگىلا خاتىرجەم بولۇپ پۇلنى مۇزارەبە قىلىشقا بېرىشكە بولىدۇ، مۇشۇنداق كىشلا پۇلنى قوغداپ تىجارەتتە ئايلاندۇرۇپ پايدا تاپالايدۇ، بۇنداق كىشلەر تېپىلمىسا، پۇلنى خىيانەتكار، بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، ياكى تىجارەتنى ئۇقماسلىق قىلالمايدىغان ئەبگاھ كىشلەرگە تۇتقۇزۇپ مۇزارەبەگە بېرىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنداق پۇلنى زايا قىلىۋېتىدىغانلارغا پۇل تۇتقۇزۇشنى جانابى ئاللاھ بۇ سۆزى ئارقىلىق چەكلىگەن: ((ئاللاھ تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان مال-مۈلكۈڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزماڭلار))[6]

شۇڭا مۇزارەبە كېلىشىمىگە قەدەم قويغاندا ئىشەنچلىك، ئامانەتلىك، راستچىل، ئېسىل كىشلەرنى تاللىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر، چۈنكى مۇزارەبە كېلىشىمى پۈتۈنلەي ئامانەت ئۈستىگە قۇرۇلغان، شۇڭا كۆچ ئىگىسى پايدا چىقمىدى، ياكى زىيان چىقتى دېسە ئۇنىڭ سۆزى بىر قەسەم قىلىپ بەرسىلا ھېساب بولۇپ كېتىدۇ.

مۇزارەبە كېلىشىمى شەخس ۋە جەمئىيەت ئىقتىسادىدا شۇنچە پايدىلىق ھەم چوڭ رول ئوينايدىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام شەرئىتى مۇزارەبە كېلىشىمىنى يولغا قويغان، تۆۋەندە مۇزارەبە شىركىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنى بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

## مۇزارەبە شىركىتىنىڭ جائىزلىقىنىڭ دەلىلى:

1- ئاللاھ تائالا دېدى: ((بەزىلەر **اللہ** نىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ))[7] ((جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغان ھامان زېمىنغا تارىلىپ **اللہ** نىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن **اللہ** نى كۆپ ياد ئېتىڭلار))[8] ((پەرۋەردىگارىڭلاردىن رىزىق تەلەپ قىلساڭلار سىلەرگە ھېچ گەپ بولمايدۇ))[9]. ئىمام ماۋەردى دېدى: "بۇ ئايەتنىڭ

---

[6]-نىسا سۈرىسى 5-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[7]-مۇززەممىل سۈرىسى 20-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[8]-جۇمۇئە سۈرىسى 10-ئايەت.
[9]-بەقەرە سۈرىسى 198-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئومۇمى مۇزارەبەنىڭ جائىزلىقىنى بىلدۈردۇ، چۈنكى مۇزارەبە شېرىكچىلىكىدە ئاللاھتىن رىزىق تەلەپ قىلىش ۋە پۇل ئاۋۇتۇش بار".[10]

2- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىسى ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېلىشچە: ئۇ بىرسىگە مۇزارەبە مۇئامىلىسىدە پۇل بەرگەندە ئۇنىڭغا: "پۇلۇمغا تىرىك ھايۋان ئالمايسەن، دېڭىزغا سەپەرگە چىقمايسەن، سۇ ئاپتىسىگە ئۇچرايدىغان رايونغا بارمايسەن، بۇلارنىڭ بىرىنى قىلساڭ پۇلۇمنى تۆلەيسەن" دەپ شەرت قويىاتتى.[11]

3- زەيد ئاتىسى ئەسلەمدىن رىۋايەت قىلىشچە ئۇ مۇنداق دېگەن: ئۆمەر ئىبنى ئەلخەتتابنىڭ ئىككى ئوغلى ئابدۇللاھ ۋە ئۇبەيدۇللاھ بىر قوشۇندا ئىراققا يۈرۈش قىلدى، ئۇلار قايتىشىدا بەسرە شەھرىنىڭ ۋالىيسى ئەبى مۇسا ئەلئەشئەرىينىڭ قېشىغا كىرىپ ئۆتتى، ئۇ بۇ ئىككەيلەننى قىزغىن قارشى ئېلىپ كۈتىۋالدى، ئاندىن ئۇلارغا: "سىلەرگە پايدىلىق بىر ئىش قىلالايدىغان بولسام قىلىپ بېرەتتىم" دېدى، كېيىن ئۇ: "ھە راست بۇ يەردە بىرئاز ئاللاھنىڭ پۇلى بار، بۇنى ئەمىرىلمۆمىنىنگە ئەۋەتمەكچى ئىدىم، مەن بۇ پۇلنى سىلەرگە قەرز بېرىپ تۇراي، سىلەر بۇ مالغا ئىراقنىڭ مېلىدىن ئېلىپ ئۇنى مەدىنىدە سېتىپ ئانا پۇلنى ئەمىرىلمۆمىنىنگە بېرىڭلار، پايدىسى سىلەرنىڭ بولسۇن" دېدى. ئۇ ئىككەيلەن: "بىز بۇنى ياقتۇرىمىز" دېيىشتى، شۇنداق قىلىپ ئەبى مۇسا پۇلنى ئۇلارغا بېرىپ ئەمىرىلمۆمىنىنگە ئۇلاردىن ئانا پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىش توغرۇلۇق مەكتۇب يوللىدى، ئۇلار ئالغان ماللارنى سېتىپ پايدا ئالدى، ئاندىن ئانا پۇلنى ئۆمەرگە تاپشۇردى، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇلاردىن: "سىلەرگە قەرز بەرگەندەك قوشۇندىكى ھەممە جەڭچىگە ئوخشاش قەرز بەردىمۇ؟ دەپ سورىدۇ، ئۇلار: "ياق" دېدى، بۇنى ئاڭلاپ ھەزرىتى ئۆمەر دېدى: "سىلەرنى ئەمىرىلمۆمىنىننىڭ ئوغۇللىرى دەپ قەرز بېرىپتۇ، ئانا پۇلنى پايدىسى بىلەن تاپشۇرۇڭلار" دېدى. ئابدۇللاھ لام جىم دېمىدى، ئەمما ئۇبەيدۇللاھ مۇنداق دېدى: "ئى ئەمىرىلمۆمىنىن! بۇ مال كېمىيىپ ياكى يوقاپ كەتكەن بولسا بىز تۆلەيتتۇق ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا سىز بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ". ئۆمەر: "پايدىسىنىمۇ تاپشۇرىسىلەر" دەپ چىڭ تۇردى. ئابدۇللاھ يەنە گەپ سۆز قىلمىدى، ئۇبەيدۇللاھ نارازىلىق بىلدۈرۈپ تۇردى، ئۆمەر بىلەن بىللە ئولتۇرغانلاردىن بىرى: "ئى ئەمىرىل مۆمىنىين بۇنى (مۇزارەبە شىركىتى) قىلىپ بىر تەرەپ قىلغان بولسىلا؟" دەپ تەكلىپ بەردى، ئۆمەر تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ: "بۇنى مۇزارەبە شىركىتى قىلىۋەتتىم" دېدى، شۇنداق قىلىپ ئۆمەر ئانا پۇل بىلەن پايدىنىڭ يېرىمىنى ئالدى، ئابدۇللاھ بىلەن ئۇبەيدۇللاھ پايدىنىڭ قالغان يېرىمىنى ئالدى.[12]

4- بۇ ھەقتە يەنە ھەزرىتى ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئۆمەر، ئابباس، جابىر ۋە باشقا ساھابىلاردىن مۇشۇنداق مۇزارەبە شىركىتى ئۇسۇلى بويىچە مۇئامىلە قىلغانلىقى رىۋايەت

[10]-الحاوي الكبير 7-توم 305-بەت، الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 837-بەت.

[11]- سنن الدارقطني 3077-ھەدىس، نيب الرايه 3801-ھەدىس.

[12]-ئىمام مالىك رىۋيەت قىلغان، الموطۆ 1389-ھەدىس، بۇنى ئىمام دارىقۇتنىيمۇ رىۋايەت قىلغان، ھاپىز ئىبنى ھەجەر: سەنەدى سەھىھ دېگەن، نيل الأوطار 5-توم 300-بەتكە قاراڭ.

قىلىنغان (13). ئىمام شەۋكانى دېدى: "ساھابىلارنىڭ بۇ ئىش-ئىزلىرىدىن مەلۇم بولىدۇكى، ساھابىلار ھېچكىمنىڭ ئېتىرازىغا ئۇچرىماستىن مۇشۇنداق مۇزارەبە قىلىشاتتى، بۇ ئۇلارنىڭ بۇنداق مۇئامىلە ئۇسۇلىنىڭ جائىزلىقىغا بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ".(14)

5- بارلىق ئىسلام ئۈممىتى مۇزارەبە شىركىتىنىڭ جائىزلىقىغا بىرلىككە كەلگەن.

6- ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ((پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر ئاھالىسى بىلەن خەيبەر زېمىنىدىن چىقىدىغان مېۋە ۋە زىرائەت ھوسۇلىنىڭ يېرىمىغا كېلىشىپ مۇئامىلە قىلغان)).(15) بۇ ھەدىس بىر تەرەپ زېمىننى يەنە بىر تەرەپ كۈچنى چىقىرىش كېلىشىمى بولسىمۇ بۇنىڭغا بىر تەرەپ پۇلنى بىر تەرەپ كۈچنى چىقىرىدىغان كېلىشىمنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ(16).

## مۇزارەبە كېلىشىمىنىڭ جازانە كېلىشىمىدىن پەرقى

جازانە دېگەن باشقىلارنىڭ قان تەرىنى سۈمۈرۈش ۋە پۇرسەتپەرەسلىكتىن ئىبارەت، چۈنكى جازانە كېلىشىمىدە تەر ئاققۇزماستىن كاپالەتلىك پايدا ئالىدۇ، مۇزارەبە كېلىشىمىدە ئۇنداق بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا پايدا چىقسا ھەر تەرەپ پايدىدىن نىسبىتىنى ئالىدۇ، زىيان چىقسىمۇ ھەر تەرەپ زىياندىن نىسبىتىنى ئالىدۇ، پۇل ئىگىسى پۇلنى ياكى كۆزلىگەن پايدىنى، كۈچ ئىگىسى كۈچىنى ياكى كۆزلىگەن پايدىنى زىيان تارتىدۇ، پۇلنى باشقىلارغا بېرىپ قەتئىي زىيان تارتماي كاپالەتلىك، مۇقىم، خەتىرى يوق پايدىغا ئېرىشىپ يېتىش بولسا كىشىنى ھورۇنلاشتۇرۇپ ئۇنىڭدا ئىشلەپ ھەرىكەت قىلىش روھىنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، دىلنى قارايتىپ پۇرسەتپەرەس تەييارتاپ قىلىپ قويىدۇ، بۇنداق ئىللەتلەردىن جانابى ئاللاھتىن پاناھ تىلەش كېرەك.(17)

## مۇزارەبە شىركىتىدە كېلىشىم تۈزۈش ئۇسۇلى:

مۇزارەبە شىركىتىنى ئادەتتە كېلىشىم تۈزۈش سالاھىيىتى بولغان ئاقىل بالىغ ھەر بىر كىشى كېلىشىم تۈزۈش سالاھىيىتى بار بولغان باشقا بىر كىشى بىلەن مۇزارەبە سۆزىنى ئىشلىتىپ كېلىشسە بولىدۇ. ئا تەرەپ تەكلىپ بەرسە، ب تەرەپ قوبۇل قىلسا كېلىشىم پۈتكەن بولىدۇ. مەسىلەن پۇل ئىگىسى: بۇ 10000 يەنىنى سىزگە مۇزارەبە كېلىشىمى بويىچە تىجارەت قىلىشقا بېرەي، سىز بۇنى تىجارەت قىلىپ ئايلاندۇرۇڭ، پايدىنىڭ 50% ماڭا 50% سىزگە بولسۇن، دېسە،

---

[13]-نصب الراية 3800-3807-ھەدىسلەر.

[14]-نيل الأوطار 5-توم300-301-بەتلەر.

[15]-سەھىھەين. بۇخارى 2328-ھەدىس، مۇسلىم 4044-ھەدىس.

[16]-الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 839-بەت.

[17]الفقه الحنفي في ثوبه الجديد 5-توم 70-بەت.

پۇلنى ئىشلىتىپ تىجارەت قىلىدىغان كىشى: قوبۇل قىلىدىم دېسە ياكى باشقا بىر سۆز بىلەن رازىلىقىنى بىلدۈرسە مۇزارەبە كېلىشىمى پۈتكەن بولىدۇ، ياكى بولمىسا مۇزارەبە سۆزىنى ئىشلەتمىسىمۇ مۇزارەبە كېلىشىمى مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرقانداق بىر ئىبارىنى ئىشلىتىپ كېلىشسە بولىدۇ. چۈنكى كېلىشىم دېگەن سۆزنىڭ تاشقى تۇرقىغا قاراپ ئەمەس مەزمۇنىغا قاراپ بولىدۇ.

## مۇزارەبە كېلىشىمىنىڭ شەرتلىرى:

بۇ كېلىشىم شەرئەت كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن ساغلام بولىشى ئۈچۈن بىر قانچە شەرت تېپىلىشى كېرەك:

1-تىجارەت قىلىشقا تاپشۇرۇلىدىغان پۇل نەخ ۋە تەييار پۇل بولىشى كېرەك. تىللا، تەڭگە، مىس ياكى قەغەز پۇل قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇشتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان نەخ پۇل بىلەن مۇزارەبە توغرا بولىدۇ، كېپەك ئالتۇن ياكى يامبۇ ياكى ئادەتتە پۇل شەكلىدە ئىشلىتىلمەيدىغان ئالتۇن-كۈمۈشلەرمۇ نەخ پۇل ھېسابلانمايدۇ. نەخ پۇل بولماي مال ياكى باشقا تاۋار بولسا ياكى قەرز بولسا مۇزارەبە توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: "بۇ مىڭ مېتىر رەختنى سىزگە مۇزارەبەگە بېرەي، بۇنىڭدا تىجارەت قىلىنىڭ پايدىسىنى تەڭ ئۈلۈشەيلى" دېسە مۇزارەبە توغرا بولمايدۇ، چۈنكى مالنىڭ باھاسى ۋە ئۇنىڭدىن نەخلىشىدىغان پۇل تەخمىن ۋە پەرەز بىلەن توختالغان بولىدۇ، بۇ بىر كىشىدىن يەنە بىر كىشىنىڭ باھالىشىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ، شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا مۇزارەبە سەرمايىسى نامەلۇم بولۇپ قېلىپ پايدىنى تەقسىم قىلغاندا تالاش-تارتىش ۋە جېدەلگە سەۋەب بولىدۇ. ئەمما: "بۇ مىڭ مېتىر رەختنى سىز سېتىڭ، قانچە پۇل پىشسا ئۇنىڭ پۇلىنى سىزگە مۇزارەبەگە بېرەي، سىز ئۇنى تىجارەتتە ئايلاندۇرۇڭ، پايدىسىنى تەڭ ئۈلۈشەيلى" دېسە پۇل پىشقاندا پىشقان پۇلنىڭ مىقدارى ئېنىق مەلۇم بولسا كېلىشىم توغرا بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئەھۋالدا رەخ ئىگىسى ئىككىنچى شەخسنى رەختنى سېتىش ئىشىدا ۋەكىل قىلغان بولىدۇ، رەخ سېتىلىپ بولغانغا قەدەر ئۇ رەخ ئىگىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ، رەخ سېتىلىپ ئۇنىڭ پۇلى نەخلەشكەندىن كېيىن قانچە پۇل پىشقان بولسا شۇ سائەتتىن تارتىپ بۇ پۇل ئىككەيلەن كېلىشكەن بويىچە مۇزارەبە شېرىكتىگە سەرمايە بولغان بولىدۇ. دېمەك بۇ ئەھۋالدا مال قانچە پۇلغا سېتىلىپ قانچە پۇل پىشسا شۇ پۇل مۇزارەبەگە سەرمايە بولىدۇ.

يەنە بۇ شەرتكە ئاساسەن قەرزنى مۇزارەبە شىركىتىگە سەرمايە قىلىشقا بولمايدۇ، مەسىلەن ئا شەخسنىڭ ب شەخستىن ئالىدىغان 10000يەن قەرز پۇلى بولسا، ئا تەرەپ ب تەرەپكە: "سىزدىكى 10000 يەن پۇلۇمنى سىزگە مۇزارەبە قىلىشقا بەردىم" دېسە توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ يەردە پۇلنى

قولىغا تاپشۇرۇش بولمىغان، شۇڭا ئۇ پۇلنى قولىغا نەخ تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئاندىن بىر تەرەپكە تاپشۇرۇپ كېلىشىم تۈزۈشى كېرەك. بۇ شەرت بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەن شەرتتۇر.

ئەمما بىرسىگە: پالانىدىن 2000 يەن قەرزىمنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بۇنىڭدا مۇزارەبە تىجارىتى قىلىڭ، پايدىسىنى مۇنداق ئۈلۈشەيلى دېگەن بولسا، بۇ مۇزارەبە بارلىق ئالىملار قارىشىدا توغرا بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا مۇزارەبە ئۇ كىشىدىن تاپشۇرۇپ ئالىدىغان قەرزگە چېتىلغان، دېمەك قەرزنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان كىشى قەرزنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتا پۇل ئىگىسىنىڭ ۋەكىلى بولىدۇ، تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن پۇل قولىدا نەخ بولغاچقا مۇزارەبە كېلىشىمى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقىتتىن تارتىپ باشلانغان بولىدۇ. بۇ خۇددى: مېنىڭ كاسسىرىمدىن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ مۇزارەبە قىلىڭ دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ بەزى ئالىملار مەكرۇھ بولىدۇ دېگەن، بەلكى بۇ ئالىملار كۆچ ئىگىسى قەرزنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن قەرزنى چوقۇم تاپشۇرۇپ ئالىمەنغۇ دەپ ئۆز يېنىدىكى پۇلنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ كېيىن قەرزنى ئالالماي چاتاق چىقىپ قېلىش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك، يەنە بىنداق كېلىشىمدە ئۆزى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان پۇلنى كۆچ ئىگىسى قىلىپ بەرگەنلىكى جەھەتتىن مۇزارەبەدىن بۇرۇن ئايرىم بىر مەنپەئەت شەرت قىلغاندەك بولىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ يامان كۆرگەن بولسا كېرەك. ناۋادا بۇ قەرزلەرنى تاپشۇرۇپ ئالماي تۇرۇپ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ بىر نەرسە سېتىۋالغان بولسا بۇ سودىدىكى پايدا زىيان كۆچ گىسىگە بولىدۇ، پۇل ئىگىسىگە بولمايدۇ(18).

بۇنىڭغا ئاساسەن بىر كىشىدە ئامانەت قويۇلغان پۇل بولسا ئامانەت ئىگىسى ئۇنىڭغا: سىزدىكى ئامانىتىمنى مۇزارەبە قىلىپ تىجارەتتە ئايلاندۇرۇڭ دېسە مۇزارەبە توغرا بولىدۇ، چۈنكى بۇ نەخ پۇل تاپشۇرغان بىلەن ئوخشاش. بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى، مالىكى مەزھەب ئالىملىرى ئامانەتتە مۇزارەبە قىلسا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ قەرز بىلەن ئوخشاش دەپ قارىغان.(19)

2-مۇزارەبەگە بەرگەن پۇل مىقدارى ئېنىق مەلۇم بولۇشى شەرت. بۇنىڭغا ئاساسەن بىر خالتا پۇلنى سانىمايلا ياكى مىقدارىنى بايان قىلمايلا بۇنىڭدا مۇزارەبە قىل دېسە بولمايدۇ، چۈنكى سەرمايە 10000 يەن ياكى 20000 يەن دەپ ئېنىق بولمىسا ئۇنى تىجارەتتە ئايلاندۇرغاندىن كېيىن ئانا پۇل بىلەن ئۇنىڭ پايدىسىنى ئايرىغىلى بولماي قالىدۇ-دە جېدەلگە سەۋەب بولىدۇ(20). بىر كىشىگە 1000 يەن پۇل بېرىپ: بۇ پۇلنىڭ يېرىمىدا تىجارەت قىلغىن، پايدىسىنى تەڭ ئالايلى دېسە مۇزارەبە توغرا بولىدۇ، چۈنكى 1000 يەننىڭ يېرىمى 500 يەن ئىكەنلىكى ئېنىق، قالغان 500 يەن ئۆزى بەلگىلىگەن بويىچە يا ئامانەت ياكى باشقا سۈپەت بىلەن مۇزارەبەدىن تاشقىرى تۇرىدۇ، ئەمما يېرىمى مۇزارەبە، قالغان يېرىمى يەنى 500 يەن قەرز دېگەن بولسا، بەزى ئالىملار جائىز دەپ

---

18- الفقه الحنفي في ثوبه الجديد5-توم 72-بەت.

19-الفقه على المذاهب الأربعة 3-توم 36-بەت، بداية ا تهد 2-توم 335-بەت، المغني 5-توم 67-بەت، بدائع الصنائع 6-توم 83-بەت، الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 843-844-بەت.

20-الفقه على المذاهب الأربعة 3-توم 36-بەت، الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 844-بەت.

قارىغان، بەزى ئالىملار بۇنى ياقتۇرمىغان، چۈنكى بۇنىڭدىكى قەرز پايدا سۆرەپ كەلگەن بولىشى مۇمكىن، يەنى پۇل ئىگىسى 500 يەننى قەرز بېرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ 500 يەن پۇلنى مۇزارەبە قىلىپ ئايلاندۇرۇشقا، ياكى مەلۇم مىقداردا پايدا ئېلىشقا ماقۇل كەلتۈرگەن بولسا كېرەك، پايدا كەلتۈرگەن قەرز بولسا جازانە بولىدۇ[21]، شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا دىققەت قىلىپ قەرز بېرىپ تۇرغانلىق سەۋەبىدىن مۇزارەبە قىلغان ياكى پايدىنى تەقسىم قىلىشتا كەڭچىلىك قىلغان ئەھۋال بولسا جازانىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇنى قىلماسلىق تەقۋادارلىققا يېقىنراقتۇر، ئۇنداق مەقسەت بولماستىن شۇنداق ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ قىلغان بولسا مەيلى بولىدۇ.

3- پايدا پۇل ئىگىسى بىلەن كۆچ ئىگىسى ئوتتۇرىدا پىرسەنت ياكى ئۈلۈش بويىچە تەقسىم قىلىنىشى شەرت. مەسىلەن: پۇل ئىگىسى 40% كۆچ ئىگىسى 60% ياكى پۇل ئىگىسى 75% كۆچ ئىگىسى 25%، ياكى پۇل ئىگىسى تۆتتەن بىرىنى كۆچ ئىگىسى تۆتتەن ئۈچ قىسمىنى دېگەندەك. ئەمما ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە مەلۇم مىقداردا پۇل ئېلىش بەلگىلەنسە مەسىلەن: پۇل ئىگىسى 1000 يەن ئالىدۇ، ياكى كۆچ ئىگىسى 1000 يەن ئالىدۇ دېسە، مۇزارەبە كېلىشىمى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بەزى ئەھۋاللاردا تىجارەتتە ئاشۇ 1000پۇلدىن باشقا پايدا چىقماي قېلىشى مۇمكىن، ئۇنداق بولسا يەنە بىر تەرەپ پايدىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان بولىدۇ، ياكى 11000يەن پايدا بولىشىمۇ مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋالدا يەنە بىر تەرەپ پايدىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىغا يەنى 10000 يەنگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇنداق كۆتۈلمىگەن نامەلۇملۇق مۇزارەبە كېلىشىمىنىڭ روھىغا زىت كېلىدۇ، شۇڭا بارلىق ئالىملار بۇ شەرتكە بىرلىككە كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل ئىگىسىگە 1000يەندەك مەلۇم مىقداردا پايدا بەلگىلىگەن تەقدىردە بۇ مۇئامىلە قەرز بېرىپ تۇرۇپ ئۆسۈمنى ئېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ-دە مۇزارەبە شەكلىدىكى جازانە مۇئامىلىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. جازانە ياكى ئۆسۈم بولسا ئېنىق هارامدۇر.

يەنە ئۆزىگە بەلگىلەنگەن ئۈلۈش ياكى پىرسەنتكە مەلۇم مىقداردا پۇل قېتىپ شەرت قىلىسمۇ مۇزارەبە توغرا بولمايدۇ، مەسىلەن: ساڭا پايدىنىڭ يېرىمى يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە 100 يەن بولسۇن دېگەندەك، شۇنداقلا پايدىنىڭ يېرىمى ساڭا بولسۇن، ئۇنىڭدىن 100 يەن تۆلەتتۈۋالىمەن دېسىمۇ توغرا بولمايدۇ.

دېمەك بۇ يەردە شەرت قىلىنغان پايدا نىسبىتى مۇئەييەن بولماسلىقى كېرەك، بۇنىڭغا ئاساسەن: ماۋۇ دۇكاننىڭ پايدىسىنى مەن ئالىمەن، ئاۋۇ دۇكاننىڭ پايدىسىنى سەن ئال دېسىمۇ بولمايدۇ.

يەنە بۇ شەرتكە ئاساسەن زىياننىڭ ھەممىسى كۆچ ئىگىسىگە ياكى زىيان ھەر ئىككى تەرەپكە تەڭ دەپ شەرت قويۇپ كېلىشسىمۇ بۇ شەرت توغرا شەرت بولمايدۇ، بۇنى دەرھال توغرىلاپ توغرا ئۇسۇل بويىچە كېلىشىم تۈزۈش كېرەك، ئۇنداق قىلماي شۇ شەرت بويىچە مۇزارەبە قىلىپ بولغان بولسىچۇ؟ بۇنداق ئەھۋالدا مۇزارەبە توغرا بولاۋېرىدۇ، شەرت يوق ھېسابتا بولىدۇ، زىيان پۇل

[21]-الفقه الحنفي في ثوبه الجديد5-توم 71-بەت.

ئىگىسىگە بولىدۇ. بۇ يەردە زىياننى ھەر ئىككى تەرەپ كۆتۈرىدۇ دېگەن شەرتنىڭ بۇزۇق شەرت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى شۇكى، زىيان دېگەن يوقاپ كەتكەن پۇلدىن ئىبارەت بولۇپ ئۇ پەقەتلا شۇ پۇل ئىگىسىگە بولىدۇ، شۇڭا بۇ شەرتنى ھېسابقا ئالماي مۇزارەبەنى توغرا دەپ قاراۋېرىمىز ۋە توغرا بويىچە ماڭدۇرىۋېرىمىز.

پايدىنىڭ ھەممىنى پۇل ئىگىسى ئالىدۇ دەپ شەرت قىلىغان بولسا كۆچ ئىگىسى بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىپ ئىشھەققىسىز ئىشلەپ بېرىشكە ماقۇل كەلگەن بولسا، بۇ كېلىشىم مۇزارەبە شىركىتى كېلىشىمى بولماي بۇ بىكارغا ئىشلەپ بېرىش كېلىشىمى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا پايدا زىيان پۇل ئىگىسىگىلا بولىدۇ، كۆچ ئىگىسىگە ئىشھەققى بېرىلمەيدۇ.

ھەممە پايدىنى كۆچ ئىگىسى ئالىدۇ دەپ شەرت قىلىغان تەقدىردە بۇ كېلىشىم مۇزارەبە شىركىتى كېلىشىمى بولماي قەرز بېرىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان بولىدۇ، چۈنكى كېلىشىملەردە مەزمۇن ئاساس قىلىنىدۇ.

كۆچ ئىگىسى ئۆزى ئالىدىغان پايدا مىقدارىنىڭ ئۈستىگە ئايلىق ئىشھەققى شەرت قىلسا بۇ شەرت توغرا بولمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا شەرت ھېسابقا ئېلىنمايدۇ، كېلىشىم توغرا شەرت بويىچە مېڭىۋېرىدۇ، پۇلنى كۆچ ئىگىسىگە مۇزارەبەگە بېرىپ، ئۆيىنى ئۇنىڭغا ئولتۇرۇۋېلىشقا بېرىپ تۇرۇشنى شەرت قىلسا ياكى زېمىننى تېرىۋېلىشقا بېرىپ تۇرۇشنى شەرت قىلسىمۇ كېلىشىم بۇزۇلىدۇ[22].

## 4-پۇل ئىگىسى مۇزارەبە قىلىدىغان پۇلنى كۆچ چىقىرىدىغان كىشىگە تاپشۇرىشى كېرەك.

چۈنكى تاپشۇرمىغان تەقدىردە ئۇنىڭدا تىجارەت قىلالماي قالىدۇ، يەنە پۇل ئىگىسى كۆچ ئىگىسى قىلىدىغان تىجارەتكە تەڭ ئارىلىششىنى شەرت قىلغان بولسىمۇ كۆپچىلىك ئالىملار نەزىرىدە مۇزارەبە توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ، پۇلنى تولۇق تاپشۇرماسلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا كۆچ ئىگىسى تولۇق ئەركىنلىكى بىلەن ھەرىكەت قىلالماي قالىدۇ، ئەمما كېلىشىمدە بۇنداق شەرت قويماستىن ئۇدۇل كېلىپ قالغاندا كۆچ ئىگىسىنىڭ تىجارىتىگە پىداكارلىق قىلىپ ياردەملەشسە بۇ بارلىق ئالىملار نەزىرىدە جائىزدۇر.

بۇ شەرتكە ئاساسەن يەنە، بىر يېتىم بالىنىڭ پۇلىدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشى باشقا بىر كىشىگە يېتىمنىڭ پۇلىنى مۇزارەبە تىجارىتىگە تاپشۇرۇپ: يېتىم بالا سىز بىلەن بىللە تىجارەت قىلىدۇ دەپ شەرت قىلسىمۇ جائىز بولمايدۇ، چۈنكى بۇ يېتىم بالا پۇلنىڭ ئىگىسى بولغاچقا، بۇ خۇددى پۇلنى كۆچ ئىگىسىگە تاپشۇرماي تۇرىۋالغانلىق بولىدۇ. شۇنداقلا باشقا بىر شېرىكى بار كىشى بىر كىشىگە شىركەت پۇلىنى مۇزارەبە بېرىپ شېرىكىم سىز بىلەن بىللە تىجارەت قىلىپ بۇ پۇلنى ئايلاندۇرىدۇ دەپ شەرت قىلسىمۇ مۇزارەبە توغرا بولمايدۇ. بىر كىشى پۇلنى بىر كىشىگە بېرىپ ئۇنى باشقا بىر

---

[22]-- مجلس ا مع الفقهي الإسلامي، برابطة العالم الإسلامي، في دورته الرابعة عشرة، المنعقدة بمكة المكرمة، يوم السبت 20من شعبان 1415هـ - 1995/1/21م، المغني 5-توم 30-بەت، بدائع الصنائع 6-توم 86-بەت، الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 874-بەت.

كىشى بىلەن مۇزارەبە كېلىشىمى قىلىشقا ۋەكىل قىلغان بولسا، بۇ ۋەكىل كېلىشىم قىلغاندا كۆچ ئىگىسى بىلەن بىللە تىجارەتكە قاتنىشىمەن، ماڭا پايدىنىڭ بىر قىسمىنى بېرىسىز دەپ كېلىشىمۇ توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ۋەكىل دىگەن مۇۋەككىل ئورنىدا بولغاچقا بۇ خۇددى پۇل ئىگىسى پۇلنى كۆچ ئىگىسىگە تولۇق تاپشۇرۇپ بەرمىگەنلىك بولىدۇ[23].

**5-هەر ئىككى تەرەپ ئالىدىغان پايدا مىقدارى ئېنىق بولۇشى كېرەك.** بۇ شەرتكە ئاساسەن ئىككى تەرەپنىڭ ئالىدىغان پايدا مىقدارى كېيىنچە جېدەلگە سەۋەب بولىدىغانلىقى جەھەتتىن نامەلۇم بولماسلىقى كېرەك، پايدا مىقدارىنى ئېنىق بەلگىلىمەي: پايدىسىغا ئىككەيلەن شېرىك دەپ پۈتۈشكەن بولۇپ، كېلىشىمدە هەر بىر تەرەپنىڭ قانچىلىك مىقداردا پايدا ئېلىشى ئېنىق بايان قىلىنمىغان بولسا مۇزارەبە توغرا بولاۋېرىدۇ، ئىككى تەرەپ پايدىنى تەڭ ئۈلىشىدۇ، چۈنكى شېرىكلىك باراۋەرلىكنى تەقەززا قىلىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزىدىمۇ شېرىكلىك باراۋەر ئېلىشنى بىلدۈرگەن: ((ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى مېيىتنىڭ ئانا بىر، ئاتا باشقا قېرىنداشلىرى ۋە هەمشىرىلىرى بىردىن كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ))[24].

**6-كۆچ ئىگىسى ئالىدىغان پايدا سەرمايىدىن ئاجرىتىلماسلىقى كېرەك.**

مۇزارەبە شىركىتى پايدىدا شېرىكلىشىشتىن ئىبارەت بولغاچقا كۆچ ئىگىسىگە شەرت قىلىنغان پايدا سەرمايىدىن ئەمەس پايدىدىن بېرىلىشى كېرەك، بۇنىڭغا بىنائەن پۇل ئىگىسى كۆچ ئىگىسىگە: بۇ پۇلدا مۇزارەبە قىلىڭ، سىزگە بۇ پۇلنىڭ تۆتتەن بىرى ياكى يېرىمى بولسۇن دېسە توغرا بولمايدۇ، سىزگە سەرمايىنىڭ يېرىمى بىلەن پايدىنىڭ 10% تى بولسۇن دېسىمۇ كېلىشىم بۇزۇلىدۇ.

يەنە كۆچ ئىگىسى سەرمايىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى هەم سەرمايىنىڭ بىر قىسمىنى هەم پايدىنىڭ بىر قىسمىنى ئالىمەن دەپ شەرت قىلسا مۇزارەبە بۇزۇلىدۇ، مۇشۇ شەكىلدە كېلىشىم قىلىپ تېخى تىجارەت قىلمىغان بولسا كېلىشىم بىكار قىلىنىدۇ، ئەمما ئىككى تەرەپ رازى بولغاندىن كېيىن كېلىشىم توغرا بولىدىغۇ دەپ ئويلاپ قېلىپ پۇلنى تىجارەتكە بىر مۇددەت ئىشلىتىپ بولغان بولسا، يۇقىرىقى شەرت بىكار قىلىنىپ كېلىشىم توغرا بولاۋېرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا كۆچ ئىگىسى نېسىۋىسىنى چىققان پايدىدىن دېيىشكەن بويىچە ئالىدۇ، سەرمايىدىن ئالالمايدۇ[25].

يۇقىرىقىلار مۇزارەبە كېلىشىمىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرتلەر بولۇپ ئۇلارنىڭ قايسى بىرى تېپىلمىسا ئالىملارنىڭ قارىشىدا مۇزارەبە توغرا بولمايدۇ.

---

23- بدائع الصنائع 6-توم 84-بەت، الفقه على المذاهب الأربعة 3-توم 36-بەت، الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 846-بەت. الفقه الحنفي في ثوبه الجديد5-توم 72-بەت.

24-نىسا سۈرىسى 12-ئايەتنىڭ بىر قىسمى، الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 874-بەت.

25- الفقه الحنفي في ثوبه الجديد5-توم 73-بەت.

## مۇزارەبە كېلىشىمىدە زىيان كىمگە بولىدۇ؟

مۇزارەبە كېلىشىمىدە ھەر ئىككى تەرەپ پايدىنى كۆزلەيدۇ، پايدا چىقسا ئىككى تەرەپ پۈتۈشكەن بويىچە مەلۇم ئۈلۈش ياكى پىرسەنت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، زىيان چىقسا ماددىي زىياننىڭ ھەممىنى پۇل ئىگىسى تارتىدۇ، كۈچ ئىگىسى تارتمايدۇ، كۈچ ئىگىسى پەقەتلا سەرپ قىلغان كۈچىنى زىيان تارتىدۇ[26]. بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە ھەر ئىككى تەرەپ سەرمايە قىلغان نەرسىنى يەنى پۇل ئىگىسى چىقارغان پۇلنى، كۈچ ئىگىسى چىقارغان كۈچىنى زىيان تارتقان بولىدۇ. ئالىدىغان پايدا پىرسەنتىمۇ مۇشۇنداق زىيان تارتىش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا بەلگىلىنىدۇ. زىيان تارتىش ئېھتىمالى بار بولسا كۈچ ئىگىسى ئالىدىغان پايدىنى كۆپرەك بەلگىلەيدۇ، زىيان تارتىش ئېھتىمالى ئاز، تۆۋەن بولسا ئالىدىغان پايدا ئۈلۈشىنى تۆۋەنرەك بەلگىلەيدۇ.

## مۇزارەبە كېلىشىمىدە كۈچ ئىگىسىنىڭ قانۇنىي ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

مۇزارەبە شېركىتى كېلىشىمىدە كۈچ ئىگىسى پۇل ئىگىسىنىڭ پۇلىنى ئۆز رۇخسىتى بويىچە تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى ئۈچۈن بۇ پۇل ئۇنىڭ قولىدا ئامانەت پۇل ھېسابلىنىدۇ، دېمەك ئۇ ئامانەت ساقلىغۇچى سۈپىتىگە ئىگە، كۈچ ئىگىسى بۇ پۇلغا نورمال باھادا بىر نەرسە سېتىۋالسا ياكى سېتىۋالغان تاۋارنى نورمال باھادا ساتسا، پۇل ئىگىسىگە ۋاكالەتەن سېتىۋالغان ۋە ساتقان بولىدۇ، دېمەك كۈچ ئىگىسى ئېلىم-سېتىمدا پۇل ئىگىسىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ، نورمال باھاسىدىن ئادەتتە كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە پەۋقۇلئاددە يۇقىرى باھادا سېتىۋالسا ياكى نورمال باھادىن پەۋقۇلئاددە ئەرزان سېتىۋەتسە زىياننى كۈچ چىقارغۇچى كۆتۈرىدۇ.

بۇ تىجارەتتىن پايدا چىقسا كۈچ چىقارغۇچى پۈتۈشكەن بويىچە پۇل ئىگىسىگە پايدىدا شېرىك بولىدۇ.

مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇزارەبە كېلىشىمى توغرا بولماي قالسا مۇزارەبە كېلىشىمى كىرالاش كېلىشىمىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ-دە كۈچ ئىگىسى پۇل ئىگىسىگە ئىشلەمچى ھېسابىدا بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا پايدىغا شېرىك بولالمايدۇ، ئۆزىگە ۋە ئىشىغا لايىق ھالدا ئىش ھەققى ئالىدۇ. شۇڭا ئالىملار: ((مۇزارەبە بۇزۇلۇپ كەتسە كۈچ ئىگىسى ئىشلەمچى بولىدۇ))دەپ قائىدە بېكىتكەن.

كۈچ ئىگىسى پۇل ئىگىسىنىڭ قويغان شەرتلىرىگە رىئايە قىلماي سېتىۋالماسلىقى كېرەك بولغان تاۋارنى سېتىۋالسا ياكى تىجارەت قىلمايدىغان ئورۇندا تىجارەت قىلسا ئۇ باشقا بىرسىنىڭ پۇلىنى تارتىۋالغان كىشى بولىدۇ-دە كېلىپ چىققان زىياننى يالغۇز تۆلەيدۇ.

قولىدىكى پۇل ياكى مال ئۇنىڭ ھېچبىر سەۋەنلىكىسىز يوقاپ كەتسە ياكى بۇزۇلۇپ كەتسە، ھېچ زىياننى تۆلىمەيدۇ، چۈنكى ئۇ پۇل ئىگىسىنىڭ ئامانىتىنى ساقلىغۇچى ھېسابىدا بولىدۇ، ئامانەت ساقلىغۇچى سەۋەنلىك قىلمىغان بولسا ئامانەتنى تۆلىمەيدۇ.

---

26- الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 837-بەت.

بىر نەرسە زايا بولسا، يوقاپ كەتسە، ياكى تىجارەتتىن زىيان چىقسا كۆچ ئىگىسىنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ، پۇل ئىگىسى ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىسە كۆچ ئىگىسى سۆزىنىڭ راستلىقىغا بىر قېتىم قەسەم قىلىپ بەرسە كۇپايە قىلىدۇ.

كۆچ ئىگىسى تىجارەت قىلىشتا شۇ جاينىڭ تىجارەتچىلىرى ئادەتتە قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇسۇل بويىچە ئىش قىلسا بولىدۇ، مەسىلەن: مالنى نەخ ۋە نېسىي سېتىش، ئازراق تۆۋەن باھادا سېتىش، باشقىلارغا سېتىپ قويۇشقا بېرىش، ئامانەت قويۇش، ئادەم ئىشلىتىش، دۇكان، ماشىنا ۋە ئامبار كىرالاش ۋە كىراغا بېرىش، رەنگە قويۇش ۋە رەنگە ئېلىش، باشقىلارنى ئېلىم-سېتىمدا ۋەكىل قىلىش، ھاۋالە قوبۇل قىلىش، پۇلنى ئېلىپ سەپەرگە چىقىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلسا بولىدۇ، چۈنكى تىجارەت بۇنداق ئىشلارنى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. زىيانلىق ياكى تىجارەتچىلەر ئادەتتە قىلمايدىغان ئىشنى قىلسا بولمايدۇ، زىيانلىق بولمىغان ئىشلاردا شۇ يۇرتنىڭ تىجارەتچىلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئىش قىلسا بولىدۇ.

نېسى سېتىش ئادەتتە بولسا نېسى ساتسا بولىدۇ، پۇل ئىگىسى نېسى مال ساتمايسەن دەپ شەرت قىلغان بولسا نېسى ساتسا بولمايدۇ.

پۇل ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز پۇلنى باشقىلارغا مۇزارەبەگە بېرەلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ پۇلىغىمۇ ئارىلاشتۇرالمايدۇ، پەقەتلا تىجارەتچىلەرنىڭ ئادىتىدە مۇزارەبە پۇلنى ئۆزىنىڭكىگە ئارىلاشتۇرۇپ تىجارەت قىلىش بولسا پۇل ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئارىلاشتۇرسا بولىدۇ.

پۇل ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلاردىن پۇل قەرز ئالسا بولمايدۇ، ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز پۇل قەرز ئالغان بولسا بۇ قەرز كۆچ ئىگىسىنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ، پۇل ئىگىسى بۇ قەرزنى تونۇمايدۇ، شۇنداقلا مۇزارەبە پۇلنى باشقىلارغا قەرز بېرىپ تۇرسىمۇ بولمايدۇ. مۇزارەبە پۇلنى پۇل ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارغا ساۋابلىق ئىشقا بېرىۋەتسىمۇ بولمايدۇ.

تىجارەتتىن زىيان چىقسا بۇ زىياننى پۇل ئىگىسى يالغۇز تارتىدۇ، ناۋادا بۇرۇنقى تىجارەت ھەرىكىتىدىن پايدا چىققان بولسا بۇ پايدىنى ئۆلۈشۈپ ھېسابنى بوغۇۋەتمىگەن بولسا زىيان بۇرۇنقى پايدىدىن كېسىلىدۇ.(27)

## زىيان چىقسا ھەممە زىياننى كۆچ ئىگىسى كۆتۈرىدۇ دەپ كېلىشىم قىلىسچۇ؟

ئىسلام فىقھى ھەيئىتى قارارىدا مۇنداق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن: ((مۇزارەبە كېلىشىمى كۆچ ئىگىسىنىڭ سەرمايىنى تۆلەيدىغانلىقىنى ياكى بىر مىقدار پايدىنى كەسكىن ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا جائىز بولمايدۇ، ناۋادا كېلىشىم شۇنداق شەرتنى ئېنىق ياكى مەزمۇن جەھەتتىن

---

[27]-بدائع الصنائع 6-توم 87-بەت، بداية المجتهد 2-توم 234-بەت، المغني 5-توم 69-بەت، الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 854-بەت، الفقه الحنفي في ثوبه الجديد 5-توم 73-77-بەتلەر.

ئۆز ئىچىگە ئالسا سەرمايىنى كۆچ ئىگىسى تۆلەيدۇ دېگەن شەرت بىكار قىلىنىدۇ، كۆچ ئىگىسى ئادەتتە شۇنداق مۇزارەبەلەردىن ئالغىلى بولىدىغان پايدىغا ھەقلىق بولىدۇ)).[28]

ئىسلام فىقھى ھەيئىتىنىڭ بۇ قارارى بىر گورۇپ ئالىملارنىڭ قارىشىغا يېقىن كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىدا بۇنداق شەرت ئېتىراپ قىلىنمايدۇ، نەتىجىدە مۇزارەبە كېلىشىمى توغرا بويىچە مېڭىۋېرىدۇ، پايدا كېلىشىم بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، زىيان چىقسا پۇل ئىگىسى تارتىدۇ، يەنە بىر قىسىم ئالىملار بۇ ئەھۋالدا مۇزارەبە كېلىشىمى بۇزۇلىدۇ، چۈنكى بۇ كېلىشىمدە مۇزارەبە كېلىشىمىگە زىت كېلىدىغان شەرت بار دەپ قارىغان.[29]

ئەمما كېلىشىمدە بۇنداق بىر شەرت بايان قىلىنمىغان بولۇپ كېيىنچە مۇزارەبە كېلىشىمىنى بوغۇپ ھېساب قىلغاندا مۇزارەبەدىن زىيان چىققان بولسا كۆچ ئىگىسى بۇ زىياننىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىنى مەن تۆلەۋېتەي دەپ پىداكارلىق قىلسا بۇ جائىز بولىدۇ، چۈنكى بۇ شەرت كېلىشىم قىلغاندا ياكى يېزىق ئارقىلىق ياكى ئېغىز ئارقىلىق بايان قىلىنمىغان[30].

## ئۈچىنچى بىر شەخس مۇزارەبەدىن چىقىدىغان زىياننى ئۆز ئۈستىگە ئالسا بولامدۇ؟

ئىسلام فىقھى ھەيئىتى ئۈچىنچى بىر شەخس تەرىپىدىن سەرمايىگە بەدەلسىز كاپالەتلىك قىلىشنى جائىز دەپ قارىغان، تۆتىنچى قېتىملىق يىغىنىنىڭ بەشىنچى قارارىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: ((مۇزارەبە كېلىشىمى ھۆججىتىدە ئىككى تەرەپتىن باشقا مۇستەقىل ئايرىم بىر شەخسنىڭ مۇزارەبە كېلىشىمىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىياننى تۆلەپ بېرىشنى بەدەلسىز ھالدا ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى شەرىئەتتە چەكلىنىدىغان ئىش ئەمەس، لېكىن مۇزارەبەنىڭ داۋاملىشىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىنىشى ئۇنىڭ بۇ كاپالىتىگە قاراشلىق بولۇپ قالماسلىقى كېرەك، بۇ دېگەنلىك، كېيىنچە كېپىل بولغۇچى بۇ ۋەدىسىدە تۇرمىسا قايسى بىر تەرەپ: بىز مۇشۇ كاپالەتكە ئاساسلىنىپ بۇ كېلىشىمنى تۈزگەن، بولمىسا تۈزمەيتتۇق، مۇزارەبە توغرا ئەمەس، دەپ ئۆز ئۈستىگە كەلگەننى بەرمەي تۇرىۋالسا بولمايدۇ))[31].

## مۇزارەبە توغرا بولۇپ ئاياغلاشقاندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەققى نېمىدىن ئىبارەت؟

مۇزارەبە توغرا بولۇپ داۋاملىشىپ ئاياغلاشقاندىن كېيىن مۇزارەبەدىن پايدا چىققان بولسا پۇل ئىگىسى كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن نىسبەتتىكى پايدىدىن ئالىدۇ، پايدا چىقمىغان بولسا سەرمايىنىلا

---

[28]- قرار مجمع الفقه الإسلامي رقم 5 من الدورة الرابعة.

[29]-المغني 5-توم 53-بەت، بداية ا تهد 2-توم 236-بەت، الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 854-بەت.

[30]- فتاوى المستشار الشرعي موعة البركة 2-توم، 107-نومۇرلۇق پەتىۋا.

[31]- قرار مجمع الفقه الإسلامي رقم 5 من الدورة الرابعة.

ئالىدۇ، زىيان چىققان بولسا سەرمايىدىن قالغان مەبلەغنىلا ئالىدۇ، ئۇنىڭ كۆچ ئىگىسىدىن باشقا بىر ھەق تەلەپ قىلىش ھەققى بولمايدۇ.

ئەمما كۆچ ئىگىسى بولسا، مۇزارەبەدىن پايدا چىققان بولسا كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن نىسبۇىسنى پايدىدىن ئالىدۇ، پايدا چىقمىغان بولسا ھېچ نەرسە ئالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىگەن، شۇڭا ئىش ھەققىگە لايىق ئەمەس.

پايدىنى تەقسىم قىلىشتىن ئىلگىرى سەرمايىنى تولۇق پۇل ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ ئاندىن پايدا تەقسىم قىلىنىشى كېرەك. سەرمايىنى پۇل ئىگىسىگە قايتۇرماستىن پايدا تەقسىم قىلىنسا توغرا بولمايدۇ، شۇڭا بۇنىڭغا رىئايە قىلىش كېرەك، چۈنكى بەزى ەھۋالدا پايدىنى تەقسىم قىلىپ ئۈلۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئانا پۇلنى تېخى تاپشۇرۇپ بەرمىگەن بولسا ئانا پۇل مەلۇم بىر سەۋەبتىن زايا بولۇپ كېتىپ قالسا پۇل ئىگىسى تاپشۇرۇپ ئالغان پايدا ئانا پۇلنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، كۆچ ىگىسى پايدا دەپ تاپشۇرۇپ ئالغىنى سەرمايىدىن ئالغان قەرز ھېسابلىنىدۇ، دېمەك بۇ ئەھۋالدا توغرا ئۇسۇل بويىچە ئىش قىلىش نۇرغۇن جىدەل-ماجىرا ۋە باش ئاغرىقلىرىنىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.[32]

## مۇزارەبە كېلىشىمدە زىيان چىقسا زىياننىڭ ھەممىنى پۇل ئىگىسى كۆتۈرىشى ئادالەتسىزلىك بولمامدۇ؟

ئەلۋەتتە مۇزارەبە شىركىتى كېلىشىمدە زىياننى پۇل ئىگىسى تارتىدۇ، بۇ دېگەنلىك كۆچ ئىگىسى زىيان تارتمايدۇ دېگەنلىك بولمايدۇ، چۈنكى زىيان چىققان ياكى پايدا چىقمىغان تەقدىردە كۆچ ئىگىسى كۆچىنى، ۋاقتىنى ۋە ئاققۇزغان تەرىنى زىيان تارتقان بولىدۇ، ۋاقىت بىلەن ئاققۇزغان تەرى قىممەتسىز بىر نەرسە ئەمەس، پۇل ئىگىسىنىڭ زىيان تارتقان پۇلى چەكلىك بولىدۇ، بەزىدە پۇل ئىگىسىنىڭ تارتقان زىيىنى كۆچ ئىگىسىنىڭ زىيان تارتقان كۆچىدىن ئازراق بولىدۇ، مەسىلەن: كۆچ ئىگىسى 60% پايدىنى ئالىدۇ دەپ كېلىشكەن ئەھۋالدا پۇل ئىگىسى كۆچ ئىگىسىنىڭ چىقارغان كۆچىنىڭ ئۆزى چىقارغان پۇلدىن كۆپرەك قىممەتكە ئىگە دەپ قارىمىغان بولسا ئۇ بۇنداق تەقسىماتقا رازى بولمىغان بولاتتى.

ئىسلام ئىقتىسادى تەتقىقات مەركىزىدىكى شاملىق تەتقىقاتچى دوكتۇر رەفىيق يۇنىس ئەلمىسرىي مۇنداق دەيدۇ:

"بەزىلەر مۇزارەبە شىركىتى پايدا چىققان ئەھۋالدا ئادىل، پايدا چىقمىغان ياكى زىيان بولغان ئەھۋالدا ئادىل ئەمەس شىركەت تۈزىمى ئىكەن دېيىشىدۇ، بىز بىر مىسال ئالايلۇق: سەرمايە 1000000يەن، پايدا 100000 يەن، پايدا تەقسىم قىلىنىش ئۇسۇلى 50%دىن، بۇنداق كېلىشىم بىزگە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇ كېلىشىمدىكى كۆچ سەرمايىگە باراۋەر كېلىدىغان قىممەتكە ئىگە، يەنى كۆچىنىڭ پايدا تېپىشتىكى رولى سەرمايە بىلەن باراۋەر، بۇ دېگەنلىك كۆچ ھەر

[32]- المغني 5-توم 51-بەت، الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 867-868-بەتلەر.

جەھەتتىن پۇلنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ دېگەنلىك بولمايدۇ، بەلكى ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەھكاملىرى بار، بۇ كېلىشىمدە ھەر بىر تەرەپ 50000 يەندىن پايدا ئالسا يۇقىرىدا ئىپتىراز بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ نەزىرىدە ھېچقانداق مەسىلە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنداق پايدا چىققان ئەھۋالدا مۇزارەبە كېلىشىمى ئادىل بولدى دەپ قارايدۇ، بىراق زىيان چىققان ياكى پايدا چىقمىغان ئەھۋالدا كۆچ ئىگىسى زىياننى تارتىشتا شېرىك بولمىسا ئۇلار ئادالەتسىزلىك بولدى دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار پۇلنىڭ زايا بولىشىغا قاراپ، كۆچنىڭ زايا بولىشىغا قارىمىغان، شۇنداقلا پۇل بىلەن كۆچنىڭ ھەر بىرىدە قانچىلىك زىيان بولىشىغا قارىمىغان. چۈنكى پايدا چىقمىغان ئەھۋالدا پۇل ئىگىسىگە پۇلى قايتىدۇ، كۆچ ئىگىسىگە كۆچى، ئاققۇزغان تەرى ۋە ۋاقتى قايتمايدۇ، بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، كۆچ ئىگىسى كۆچىنىزىيان تارتتى، پۇل ئىگىسى پايدىنى يىن تارتتى، باشقىچە قىلىپ ئېيتساق: پۇل ئىگىسى پۇلدىن ھېچ زىيان تارتمىدى، كۆچ ئىگىسى بولسا بارلىق كۆچىي زىيان تارتتى دېگەنلىك بولىدۇ.

زىيان چىققان ئەھۋالدىچۇ؟ مەسىلەن زىيان 100000 يەن دەيلى، بۇنداق ئەھۋالدا پۇل ئىگىسىگە 900000 يەن قايتىدۇ، كۆچ ئىگىسىگە ھېچ نەرسە قايتمايدۇ، بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، كۆچ ئىگىسى بارلىق كۆچىنى زىيان تارتتى، بىراق پۇل ئىگىسى پۇلىنىڭ بىر قىسمىنىلا زىيان تارتتى.

بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، پۇل ئىگىسىنىڭ بۇ ئەھۋالدا تارتقان زىيىنى ئۆزى چىقارغان پۇل مىقدارى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، زىيان سەرمايىدىن ئېشىپ كەتسە ئاشقان مىقدارنى كۆچ ئىگىسى يانچۇقىدىن تۆلەيدۇ، بۇنداق ئەھۋاللار كۆچ ئىگىسى پۇل ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلاردىن قەرز ئالغاندا يۈز بېرىدۇ.

زىيان پۇل ئىگىسىگە بولىدۇ، بەزىدە بۇ زىيان پۇلنىڭ بىر قىسمى يەنى سەرمايىدىن ئازراق بولىدۇ، بەزىدە سەرمايىنىڭ ھەممىسى بولىدۇ، بۇنىڭ قارشىلىقىدا مۇزارەبەدىن پايدا چىقمىغان ئەھۋالدا كۆچ ئىگىسى پۈتۈن كۆچىنى زىيان تارتقان بولىدۇ، ئۇنىڭ زىيىنى مۇشۇنچىلىك بولىدۇ، ئازراق ياكى كۆپرەك زىيان بولسا كۆچىدىن باشقا ئارتۇق زىيان تارتمايدۇ، دېمەك ئۇنىڭ زىيىنى پايدا بولمىغان ئەھۋالدىن تارتىپ قانچىلىك زىيان بولغانغا قەدەر ئۆزگەرمەي بىر خىل مۇقىم تۇرىدۇ، چۈنكى مۇزارەبە كېلىشىمى پايدا بولاپ قالار دېگەن پەرەزگە قۇرۇلغان، پايدا چىقماي قالسا ياكى ئازدۇر-كۆپتۇر زىيان چىقسا كۆچ ئىگىسىنىڭ زىيىنى مۇشۇ مىقداردىن ئۆزگەرمەيدۇ، ئەمما پۇل ئىگىسىنىڭ بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، بارلىق سەرمايە مىقدارىدا زىيان بولغان ئەھۋالدا پۇل ئىگىسى بارلىق پۇلىنى زىيان تارتقان بولىدۇ، كۆچ ئىگىسىمۇ بارلىق كۆچىنى زىيان تارتقان بولىدۇ.

ئىپتىراز قىلغۇچىلار مۇنداق دەيدۇ: كۆچ ئىگىسى 99% پايدىنى، پۇل ئىگىسى 1% پايدىنى ئالىدىغان بولۇپ كېلىشىم قىلغان بولسا، زىياننىڭ ھەممىسىنى 1% پايدا ئالىدىغان پۇل ئىگىسى تارتىشى، 99% پايدا ئالىدىغان كىشى پەقەت زىيان تارتماسلىقى ئەقىلگە مۇۋاپىقمۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇنداق دەيدىغانلار پايدىنىڭ تەقسىم قىلىنىش نىسبىتىنىڭ نېمىگە دالالەت قىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلمىغان، چۈنكى پايدىنىڭ مۇشۇنداق نىسبەتتە تەقسىم قىلىنىشى كۆچ ئىگىسىنىڭ

كۆچىنىڭ پۇل ئېگىسىنىڭ پۇلىدىن 99 ھەسسە يۇقىرى قىممەتكە ئېگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن بىر كۆچ ئېگىسى چىقارغان كۆچىنى 99 يەنگە باراۋەر دەپ باھالىساق، پۇل 1 يەن بولسا، زىيان بولغان ئەھۋالدا كۆچ ئېگىسى كۆچىنى زىيان تارتىدۇ، پۇل ئېگىسى 1 يەندىن ئارتۇق زىيان تارتمايدۇ، ئۇنداق بولسا بۇنىڭدا زۇلۇم بولامدۇ؟ بەلكى بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار دېگەننىڭ ئەكسىچە كۆچ ئېگىسى زۇلۇم قىلىندى دېيىلىشى مۇمكىن.

لېكىن ئۇبدان مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق بۇ مۇزارەبە كېلىشىمىنىڭ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىدا ئادىل بولغانلىقى مەيدانغا چىقىدۇ، چۈنكى زىيان دېگەن ھەر ئىككى تەرەپكە نىسبەتەن ئالىدىغان پايدىغا قاراپ بولىدۇ، پۇل ئېگىسىگە نىسبەتەن پۇلىنىڭ ئاۋۇشى پايدا ھېسابلىنىدۇ، كېمىيىپ كېتىشى زىيان ھېسابلىنىدۇ، مانا بۇ ((پايدا زىيانغا قاراپ بولىدۇ))دېگەن قائىدىگە ئۇيغۇندۇر، چۈنكى پۇل ئېگىسى ئالىدىغان پايدا كېلىشىمدە ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن ئۆلۈشتۇر، بۇ ئۇنىڭ زىيان بولغان ئەھۋالدا زىياننى تارتىشىنىڭ قارشىلىقىدا بولىدۇ، كۆچ ئېگىسى ئالىدىغان پايدىمۇ كېلىشىمدە ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن ئۆلۈشتۇر، بۇمۇ ئۇنىڭ زىيان بولغان تەقدىردە زىياننى ئۆزى چىقارغان كۆچ شەكلىدە تارتىشىنىڭ قارشىلىقىدا بولىدۇ، ئۇنىڭ زىينى پۇلدا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ بۇ شىركەتكە ھېچقانداق پۇل تەقدىم قىلمىغان.

خۇلاسە شۇكى، مۇزارەبە شىركىتى پايدا ئالغان ئەھۋالدىمۇ، زىيان تارتقان ئەھۋالدىمۇ ئادىل شىركەتتۇر، لېكىن بۇ يەردە پايدىنى ئۆز لايىقىدا توغرا تەقسىم قىلىشقا كېلىشىش ئۈچۈن كۆچ ئېگىسىنىڭ كۆچىنى توغرا باھالاشقا دىققەت قىلىش كېرەك، شۇنداقلا پايدىنىڭ تەقسىم قىلىنىش نىسبىتىنىڭمۇ كۆچ ئېگىسى چىقارغان كۆچىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدىغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. ئىمام سەرەخسىي مۇنداق دېگەن: ((كېلىشىم قىلغاندا مەنپەئەت مەلۇم قىممەت بىلەن باھالىنىدۇ، دېمەك ئۇ ئىككىيلەننىڭ ھەر بىرىنىڭ تەقدىم قىلغان مەنپەئىتى ئۆزى ئېلىشنى شەرت قىلغان پايدا بىلەن باھالىنىدۇ))[33].

مۇزارەبەدە ئىككى تەرەپ ئالىدىغان پايدا نىسبىتى قارىسىغا بەلگىلەنمەيدۇ، بەلكى كۆچ چىقارغۇچىنىڭ بازاردا ئىشلەپ ئالالايدىغان مۇقىم ئىش ھەققىگە باراۋەر كېلىدىغان مىقدارغا يېقىن ھالدا ئېھتىماللىق قىلىپ مۆلچەرلىنىدۇ، بۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا تەۋەككۇلچىلىق قارشىلىقى قېتىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئالىدىغان پايدىسى خەتەرگە تەۋەككۇلچىلىق قىلىدىغان ئېھتىماللىق پايدا، ئۇنىڭ مۇزارەبە كېلىشىمىدىن زىيان تارتىشى ياكى پەقەت پايدا ئالالماسلىق ئېھتىمالى بار، دېمەك ئۇنىڭ ئىش ھەققى مۇقىم بەلگىلەنگەن كاپالەتلىك ئىش ھەققى ئەمەس، مۇزارەبە كېلىشىممۇ ئادەتتە ھەم نەزەرىيە ھەم ئەمەلىي جەھەتتىن ئېيتقاندا كۆچ ئېگىسى ئۆزى قوبۇل قىلىدىغان مەلۇم دەرىجىدە ئېھتىماللىقى بولغان مۇۋاپىق پايدىنى كۆزلىگەندىلا ئاندىن پۈتىدۇ، ئەلۋەتتە بۇ پايدا ئۇنىڭ بازاردا ئالىدىغان مۇقىم ئىش ھەققىدىن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانغا لايىق

---

[33]-المبسوط 11-توم 15-بەت.

دەرىجىدە ئارتۇق بولىشى كېرەك. بولمىسا ئۇ بازاردا ئىشلەپ خەتىرى يوق مۇقىم پايدىنى ئېلىشنى تاللايدۇ."[34]

## پۇل ئىگىسى كۈچ ئىگىسىنى مەلۇم تاۋاردا ياكى مەلۇم يۇرتتا ياكى مەلۇم ۋاقىتتا تىجارەت قىلمايسەن دەپ شەرت قويۇپ كېلىشىپ مۇزارەبە قىلسا بولامدۇ؟

ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافئىي بۇنداق چەكلىمە قويۇشقا بولمايدۇ دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ۋە ئىمام ئەھمەد بۇنداق چەكلىمە قويۇشقا بولىدۇ دەپ قارىغان، بۇلارنىڭ قارىشى دەلىل ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن كۈچلۈك، شۇڭا بىز ئادەتتە كېلىشىم قىلغىنىمىزدا بۇنداق چەكلىمە قويۇپ كېلىشىم قىلساق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىسى ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېلىشىچە: ئۇ بىرسىگە مۇزارەبە مۇئامىلىسىدە پۇل بەرگەندە ئۇنىڭغا: "پۇلۇمغا تىرىك ھايۋان ئالمايسەن، دېڭىزغا سەپەرگە چىقمايسەن، سۇ ئاپىتىگە ئۇچرايدىغان رايونغا بارمايسەن، بۇلارنىڭ بىرىنى قىلساڭ پۇلۇمنى تۆلەيسەن" دەپ شەرت قوياتتى.[35] ساھابىنىڭ قويغان بۇ شەرتى بۇنداق چەكلىمە قويۇشنىڭ جائىزلىقىغا دەلىل بولالايدۇ، يەنە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساقمۇ بەزى تېز بۇزۇلۇپ كېتىدىغان سەي-كۆكتات، مېۋە، ياكى ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ قالىدىغان قوي-كالا قاتارلىق ھايۋانلار، ياكى كېسەل تېگىپ كېتىدىغان توخۇ-ئۆردەكلەردە تىجارەت قىلىش باشقا بۇزۇلۇش ئېھتىمالى ئاز بولغان تۆمۈر، رەخ ياكى ئۆي سايمانلىرىدەك تاۋارلاردا تىجارەت قىلغانغا قارىغاندا خەتەرلىك ھېسابلىنىدۇ، ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇنى كۆزدە تۇتۇپ مۇزارەبە مۇئامىلىسىدە: "پۇلۇمغا تىرىك ھايۋان ئالمايسەن" دەپ شەرت قويغان. يەنە بەزى تاۋارلاردا تىجارەت قىلسا بەزى جاي ۋە ۋاقىتلاردا زىيان چىقىشى ئېنىق، مەسىلەن ىسسىق بلۇاغلاردا قىشلىق كىيىم-كېچەك تىجارىتى قىلىش، ياكى سوغۇق جاي ۋە قىش پەسلىدە سوغۇق ئىچىملىكلەردە ىجارەت قىلىشقا ئوخشاش. يەنە بەزى تاۋارلار ئۇزۇن مۇددەتتە سېتىلىپ قولدىن چىقىدۇ، بەزىسى تېز قولدىن چىقىدۇ، پۇل ئىگىسى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇزارەبەنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە بوغۇشنى خالاپ قالىدۇ، شۇڭا پۇل ئىگىسى مەلۇم تاۋاردا تىجارەت قىلىشنى شەرت قىلىپ كېلىشسە بولىدۇ. ئەمدى مەلۇم يۇرت ياكى جاينى شەرت قىلىشقا كەلسەك، بەزى جايلاردا تىجارەت قىلىش خەتەرلىك بولىدۇ، يا ئوغرىسى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ياكى قاراقچىلار بۇلاپ-تالاپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ياكى ئۇرۇش ياكى باشقا قالايمىقانچىلىقى يۈزبېرىۋاتقان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، ياكى كەلكۈن، يەر تەۋرەش، ۋابا قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر كۆپ بولىدىغان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇنى كۆزدە تۇتۇپ مۇزارەبە مۇئامىلىسىدە: "دېڭىزغا سەپەرگە چىقمايسەن، سۇ ئاپىتىگە ئۇچرايدىغان رايونغا بارمايسەن" دەپ شەرت قويغان. يەنە مەلۇم ۋاقىت ياكى مەلۇم چاغلاردا تىجارەت قىلمايسەن دەپ شەرت قويسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى بەزى چاغلاردا تىجارەت كاساتلىشىپ چىللا بازار بولىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بازار

---

[34] -بۇ سۆزلەر ئەسلى تېكىستتىن ئازراق قىسقارتىپ ئېلىندى.
[35] - سنن الدارقطني 3077-ھەدىس.

ھەرىكىتى جانلىنىپ كېتىدىغان بولىدۇ، بەزى تاۋارلارنىڭ مەلۇم ئاي- كۈنلەردىلا سودىسى بولىدۇ، باشقا چاغلاردا سودىسى بولمايدۇ، ياكى بەزى ۋاقىتلاردا تىجارەت قىلىش خەتەرلىك بولىدۇ، بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پۇل ئىگىسى يۇقىرىقىدەك شەرتلەرنى قويسا بولىدۇ، نامۇۋاپىق تاۋار، نامۇۋاپىق جاي ياكى نامۇۋاپىق چاغدا تىجارەت قىلىپ زىيان تارتقانلارنى بىز كۆپ ئۇچراتقان، شۇڭا كېلىشىم تۈزگەندە بۇنداق شەرت قويۇش ئورۇنلۇق ھەم مۇزارەبەدىن كۆزلىگەن پايدا ئېلىش مەقسىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، بۇنداق شەرتنى كۆڭلىگە پۈتكەن كىشى كېلىشىم تۈزگەندە بۇنى ئېنىق ئىپادىلىشى كېرەك، بولمىسا مۇتلەق تىجارت قىلىشقا كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن مەن مۇۋۇ تاۋاردا تىجارەت قىلىشنى مەقسەت قىلمىغان يىكى ماۋۇ جايدىن مال ئەكىلىپ سېتىشنى توغرا تاپمايمەن دەپ تۇرىۋالسا بولمايدۇ، پەقەتلا ئىسلامدا چەكلەنگەن ھارام ىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قالغان تەقدىردىلا پۇل ئىگىسى دەرھال مۇزارەبەنى بۇزىۋېتىش ھەققى بولىدۇ، چۈنكى مۇسۇلمانلار ھالال يول بىلەن پۇل تېپىشى ئېنىق، ھارام يول بىلەن تىجارەت قىلمايسەن دەپ شەرت قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما كىشىلەر ھالال-ھارامنى ئايرىمايدىغان ياكى ھارام تاۋارلاردا، ھارام ئۇسۇلدا تىجارەت قىلىشقا سەل قارايدىغان بۇ كۈنلەردە ھارامدىن تولۇق ساقلىناي دېگەن كىشى تەكىتلەش يۈزىسىدىن ھارام تاۋارلاردا تىجارەت قىلمايسىز، ياكى شۈبھىلىك ئىشلاردا پۇل تاپمايسىز، پۇلنى بانكىدا ئۆسۈم بىلەن ساقلىمايسىز، تىجارەتكە جازانە ئارىلاشتۇرمايسىز دەپ شەرت قىلىپ قويغىنى ياخشى، ئەلۋەتتە ھاراق، تاماكۇ، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىچىملىك، مەزمۇنى ياكى شەكلى ئىسلام دىنىغا زىت كېلىدىغان تاۋار ياكى ماتېرىيال، ناخشا-مۇزىكا، سېرىق مەزمۇن خاراكتېرلىق پىلاستىنكا...قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش، باشقىلارنىڭ تىجارىي ماركىسىنى ئوغۇرلاپ ساختىلىق بىلەن تىجارەت قىلىش، جۇڭگودا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارنى چەتئەلدە ئىشلەنگەن دەپ سېتىش.... قاتارلىق تىجارەت تۈرلىرى ھارام تىجارەت دائىرىسىگە كىرىدۇ.

كۈچ ئىگىسى پۇل ئىگىسى تەرىپىدىن قويۇلغان بۇنداق شەرتلەرگە ماقۇل كېلىپ كېلىشىم تۈزگەندىن كېيىن بۇ شەرتلەرگە خىلاپلىق قىلسا مۇزارەبە بۇزۇلىدۇ، ئانا پۇل پۇل ئىگىسىگە قايتىدۇ، پايدا پۈتۈشكەن بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ شەرتكە خىلاپلىق قىلغانلىق سەۋەبىدىن زىيان چىقىپ قالسا كۈچ ئىگىسى بۇ خىلاپلىق قىلىش يۈزىسىدىن تارتقان زىياننىڭ ھەممىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، پۇل ئىگىسى ھېچ زىياننى ئۈستىگە ئالمايدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار قىلغان شەرتلىرىدە تۇرىدۇ[36].

## مۇزارەبە كېلىشىمى قىلغاندا مۇزارەبەگە مەلۇم مۇددەت بەلگىلىسە بولامدۇ؟

كۈچلۈك قاراشتا مۇزارەبە كېلىشىمى ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت بەلگىلىسە بولىدۇ[37]، شۇنداقلا ئۇنى ھەر ۋاقىت بۇزىۋېتىشمۇ جائىز، ئەمما تۇيۇقسىز بۇزىۋەتكەن تەقدىردە كۈچ ئىگىسىنىڭ قولىدا

36- الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 861-864-بەتلەر، الفقه الحنفي في ثوبه الجديد 5-توم 77-بەت.

37- الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 863-بەت.

نەخ پۇل ئەمەس تاۋار بولسا، ياكى پۇلنىڭ بىر قىسمى نەخ، بىر قىسمى تاۋار بولسا، پۇل ئىگىسى تاكى تاۋار سېتىلىپ نەخ پۇلغا ئايلانغانغا قەدەر كۈتۈپ تۇرىدۇ، ياكى تېز ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىۋەتمەكچى بولسا تاۋارنى بازار باھاسىدا پۇلغا سۇندۇرۇپ مۇۋاپىق باھالاپ مۇزارەبە كېلىشىمى بويىچە ئۈلۈشىۋالسا بولىدۇ[38].

مۇزارەبە كېلىشىمى ھەر بىر ئارىلىقتا ھېسابى بىر بوغۇلۇپ ھەر ئىككى تەرەپكە تىجارەت قانداق كېتىۋاتقانلىقى ئايدىڭ بولۇشى ئۈچۈن مۇزارەبە مۇددىتىنى بىر يىللىق قىلىپ كېلىشىم قىلىسمۇ بولىدۇ، ياكى بىر يىلدىن كېيىن يېڭى مال ئالماسلىق شەرتى بىلەن ۋاقىت بەلگىلىسىمۇ بولىدۇ. ياكى بەزىبىر مەۋسىملىك تىجارەتلەردە شۇ مەۋسىم ئاخىرلاشقىچە مۇددەت بەلگىلىسىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: شۇ يىللىق بىر مەۋسىمدە ئۈزۈم تىجارىتى قىلىش ئۈچۈن مۇزارەبە كېلىشىمى تۈزگەن بولسا، ئۈزۈم مەۋسىمى تۈگىگەنگە قەدەر، پاختا تىجارىتى بولسا پاختا تىجارىتى تۈگىگەنگە قەدەر، ھەج-ئۆمرە مەۋسىمى تىجارىتى بولسا ھەج-ئۆمرە پائالىيىتى تۈگىگەنگە قەدەر دېگەندەك[39]، ئەلۋەتتە بۇ مەۋسىملەرنىڭ ئاياغلىشىش ۋاقتى جەمئىيەتتە ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدە مەلۇمدۇر.

## مۇزارەبە كېلىشىمى مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىدا بولسا بولامدۇ؟

مۇزارەبە كېلىشىمىدە ئىككى تەرەپ مۇسۇلمان بولىشى كېرەك دەيدىغان بىر شەرتكە ئالىملار بىرلىككە كەلگەن ئەمەس، ئەمما بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدا پۇل ئىگىسى كاپىر، كۈچ ئىگىسى مۇسۇلمان بولسا بولاۋېرىدۇ، چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا تىجارەتنى مۇسۇلمان ئايلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان ھارام تىجارەت قىلمايدۇ.

ئەمما پۇل ئىگىسى مۇسۇلمان، كۈچ ئىگىسى كاپىر بولغان تەقدىردە بەزى ئالىملار مۇزارەبە جائىز بولمايدۇ دەپ قارىغان، چۈنكى مۇزارەبە كېلىشىمىدە كۈچ ئىگىسى ئەركىن ھەرىكەت قىلالىغاندىلا ئاندىن ھەر ئىككى تەرەپ كېلىشىمدىن كۆزلىگەن پايدىنى ئالغىلى بولىدۇ، كاپىر ئەركىن ھەرىكەت قىلسا چوقۇم ھارام تىجارەت قىلىدۇ، ياكى ھارام ئىشلارنى، ھارام پۇللارنى تىجارەتكە ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ئۇنىڭغا ئارىلىشىۋېلىپ چېپىلىپ تۇرسا تىجارەت ئاقماي قالىدۇ، دېمەك ئۇنى چەكلەش مۇزارەبە كېلىشىمىنىڭ روھىغا زىت كېلىدۇ، ئۇنداق بولسا كۈچ ئىگىسى كاپىر بولسا مۇزارەبە كېلىشىمى توغرا بولمايدۇ.

يەنە بەزىلەر بۇنىڭغا بىر قانچە چەكلىمە قويۇش ئارقىلىق جائىز بولىدۇ دەپ قارىغان، مەسىلەن كۈچ ئىگىسى كاپىر بولغان تەقدىردە مۇسۇلمان پۇل ئىگىسى ئۇنىڭغا ھاراق، زەھەرلىك چېكىملىك، سېرىق مەزمۇن ياكى جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغان نەرسىلەردە تىجارەت قىلماسلىق، ياكى تىجارەتكە ھارامنى ئارىلاشتۇرماسلىق، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىق قاتارلىق شەرتلەرنى قويسا، ياكى مەلۇم بىر خىل ھالال تىجارەت بىلەنلا شۇغۇللىنىشنى شەرت قىلىپ كېلىشىم تۈزسە، كاپىرنىڭ شۇ

---

[38]- الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 840-841-بەتلەر.

[39]-الفقه على المذاهب الأربعة 3-توم 36-بەت،

شەرتلەرگە رىئايە قىلىپ ـقىلمىغانلىقىنى داۋاملىق نازارەت قىلىپ ماڭسا بۇنداق خەتەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن كاپىر ئادەتتە تىجارەتتە هارامدىن ساقلانمايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇزارەبە كېلىشىمى ئامانەت ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان كېلىشىم بولغاچقا كاپىر كۆچ ئىگىسى بولسا بولمايدۇ دەپ قارىغان ئالىملارنىڭ قارىشى كۈچلۈك كۆرۈنىدۇ، بىز شۇ بويىچە ئەمەل قىلساق بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىمام مالىك رەھمۇتۇللاھى ئەلەيھىمۇ مۇسۇلماننىڭ كاپىرغا پۇل بېرىپ مۇزارەبە قىلىشنى هارام ئىش قىلمىغان تەقدىردىمۇ مەكرۇھ دەپ قارىغان[40].

### كۆچ ئىگىسى مۇزارەبە سەرمايىسىنى ئۆزى ئايلاندۇرماي باشقا بىر كۆچ ئىگىسىگە بېرىپ مۇزارەبە كېلىشىمى تۈزسە بولامدۇ؟

كۆچ ئىگىسى مۇزارەبە كېلىشىمى قىلىپ پۇل ئىگىسىدىن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن بۇ سەرمايىنى تىجارەتكە پەقەت ئىشلەتمەي تۇرۇپ ياكى بىر مۇددەت ئىشلىتىپ بولۇپ، پۇل ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز بۇ سەرمايىنى باشقا بىر شەخسكە مۇزارەبە كېلىشىمى بويىچە تىجارەت قىلىشقا بېرىشى جائىز بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا زىيان چىقسا كۆچ ئىگىسى زىياننى تۆلەيدۇ، پايدا بولغان بولسا پايدا كېلىشكەن بويىچە ئۈلىشىلىدۇ،
بۇنىڭغا پۇل ئىگىسى رۇخسەت قىلىسىچۇ؟ بەزى ئالىملار بولىدۇ دەپ قارايدۇ، بەزى ئالىملار توغرا بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. رۇخسەت بەرمىگەن ئەھۋالدا باشقا بىرىگە پۇلنى مۇزارەبەگە بەرسە بۇنىڭدىن پايدا چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن پۇلنى كۆچ ئىگىسى تۆلەيدۇ. پايدىغا كەلسەك: پۇل ئىگىسى پۈتۈشكەن بويىچە نېسىۋىسىنى ئالىدۇ، قالغان پايدا كۆچ ئىگىسى بىلەن ئىككىنجى مۇزارەبە كېلىشىمىدىكى كۆچ ئىگىسىنىڭ ئوتتۇرىدا پۈتۈشكەن بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ[41].

### پۇل ئىگىسى چەكلىمە قويماي مۇزارەبە كېلىشىمى قىلغاندىن كېيىن چەكلىمە قويسا بولامدۇ؟

مۇزارەبە پۇلى نەخ بولسا خۇددى باشتىن تارتىپ چەكلىمە قويغاندەكلا پۇل ئىگىسى چەكلىمە قويسا بولىدۇ، پۇل نەخ بولماي كۆچ ئىگىسىنىڭ قولىدا تاۋار بولغان بولسا تاكى پۇل نەخلەشكەنگە قەدەر چەكلىمە قويسا بولمايدۇ، نەخ بولغاندىن كېيىن ئاندىن: نېسىي مال ساتمايسەن، مالنى سېتىپ قويۇشقا بەرمەيسەن دېگەندەك هەرخىل چەكلىمە قويسا بولىدۇ([42]).

### كۆچ ئىگىسى مۇزارەبە مېلىنى پۇل ئىگىسىگە سېتىپ قويۇشقا بەرسە بولامدۇ؟

كېلىشىم قىلغاندا پۇل ئىگىسى بىللە كۆچ چىقىرىپ مال سېتىشىپ بېرىدۇ دەپ شەرت قىلمىغان بولسا، كېيىنچە مالنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىنى پۇل ئىگىسىگە سېتىپ قويۇشقا

---

[40]- الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 843-بەت.

[41]-بدائع الصنائع 6-توم 96-بەت، المغني 5-توم، 43-بەت، الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 858-بەت، الفقه على المذاهب الأربعة 3-توم 56-بەت، الفقه الحنفي في ثوبه الجديد 5-توم 79-بەت.

[42]- الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 864-بەت.

بەرسە مۇزارەبە بۇزۇلمايدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا پۇل ئىگىسىنىڭ ساتقىنى مۇزارەبەگە ھېساب بولىدۇ، ئەمما مالنى ياكى سەرمايىنى پۇل ئىگىسگە مۇزارەبەگە بەرسە توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا مۇزارەبەنىڭ ئىچىدە مۇزارەبە بولغان بولىدۇ.

پۇل ئىگىسى كۆچ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ھالدا مۇزارەبە سەرمايىسىگە مال ئېلىپ ساتسا، كۆچ ئىگىسىنىڭ قولىدا قالغان سەرمايە نەخ پۇل بولغان بولسا مۇزارەبە كېلىشىمى بۇزۇلىدۇ، چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا پۇل ئىگىسى ئۆزى ئۈچۈن ئېلىپ ساتقان بولىدۇ، قولىدا قالغان مال تاۋار بولسا، مۇزارەبە بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇ مۇزارەبە ئۈچۈن سېتىپ قويغان بولىدۇ، ناۋادا پۇل ئىگىسى مۇزارەبەگە تەۋە تاۋارنى نەخ پۇلغا سېتىپ ئۇنىڭغا يەنە تاۋار سېتىۋالغان بولسا كۆچ ئىگىسى پەقەتلا بىرىنچى تاۋارنىڭ پايدىسىنى دېيىشكەن بويىچە ئالىدۇ، ئىككىنچى قېتىم سېتىۋالغان تاۋارنىڭ پايدىسىنى ئالالمايدۇ، چۈنكى پۇل ئىگىسى دەسلەپكى تاۋارنى ساتقان چاغدا قولىدا نەخ پۇل كىرگەن، مۇزارەبە سەرمايىسىنى نەخ ھالەتتە قولغا ئېلىشى مۇزارەبەنى بۇزۇۋەتكەنلىك بولىدۇ، ئۇنىدىن كېيىن ئۇ پۇلغا مال سېتىۋالسا ئۆزىنىڭ ھېسابىغا مال سېتىۋالغان بولىدۇ. ناۋادا تاۋار مالنى پۇلغا ئەمەس تاۋار مالغا ساتقان بولسا ئۇ چاغدا ئۇنىڭ پايدىسىنى ئىككى تەرەپ پۈتۈشكەن بويىچە ئالىدۇ.[43]

### كۆچ ئىگىسىنىڭ چىقىمى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟

كېلىشىم قىلغاندا تىجارەتنىڭ چىقىمىنى سەرمايىدىن قىلىش ياكى قىلماسلىقنى، ياكى قانداق چىقىمنى سەرمايىدىن قىلىش قانداق چىقىمنى كۆچ ئىگىسى ئۆز يانچۇقىدىن قىلىش ھەققىدە ئېنىق پۈتۈشكەن ئەھۋالدا كېيىنچە كېلىپ چىقىدىغان كۆپلىگەن تالاش-تارتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

كۆچ ئىگىسى مۇزارەبە تىجارىتىنى قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىش توغرا كەلسە كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭ چىقىمى مۇزارەبە سەرمايىسىدىن بولىدۇ، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ نەزىرىدە سەپەردە بولسۇن ياكى نورمال تۇرغان ھالەتتە بولسۇن شەرت قىلغان بولسا سەرمايىدىن بولىدۇ، شەرت قىلمىغان بولسا ئۆز يانچۇقىدىن چىقىرىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملارنىڭ نەزىرىدە سەپەردە بولسۇن ياكى نورمال تۇرغان ھالەتتە بولسۇن بارلىق چىقىم سەرمايىدىن بولىدۇ. يەنە بىر قاراشتا كىرا ۋە ياتاق پۇلغا ئوخشاش سەپەر قىلىش سەۋەبىدىن ئارتۇقچە قىلىنىدىغان چىقىملارنىڭ ھەممىسى پايدىدىن چىقىرىۋېتىلىدۇ، پايدا بولمىسا سەرمايىدىن چىقىم قىلىنىپ زىيانغا ھېساب بولىدۇ. بۇ ئالىملار ئوتتۇرىدىكى كۆز قاراش ئوخشاشماسلىقىدۇر.

كۆپچىلىكنىڭ قارىشىنى ئالىدىغان بولساق ياتاق، تاماق، زۆرۈر تېپىلغاندا قىشلىق كىيىم-كېچەك، ماشىنا ۋە ئايرۇپىلان بېلەتلىرى، تاكسى كىراسى، كىيىم-كېچەكلىرىنى يۇدۇرۇش چىقىمى قاتارلىقلار مۇۋاپىق شەكىلدە پايدىدىن چىقىرىلىدۇ، پايدا بولمىسا سەرمايىدىن چىقىرىلىدۇ، دورا ۋە داۋالىنىش چىقىمى كۆچ ئىگىسىنىڭ يانچۇقىدىن بولىدۇ، چىقىم مىقدارى تىجارەتچىلەر

[43]-رد المحتار 4-توم 490-بەت. الفقه الحنفي في ثوبه الجديد 5-توم 84-بەت.

ئادەتلەنگەن نورمال مىقداردا بولىدۇ، نورمالدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىشقا ئارتۇقچە يانچۇقىدىن بولىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن سەپەردە بولسۇن ياكى مۇقىم تۇرغان ھالەتتە بولسۇن مۇزارەبە سەرمايىسىدىن چىقىم قىلىنىدىغان چىقىملارنى تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆرپە-ئادىتى بەلگىلەيدۇ، ياكى پۇل ئىگىسى رۇخسەت قىلغان بولسا بۇ چىقىم سەرمايىدىن چىقىرىلىدۇ.[44]

بىر جايغا مال ئالغىلى بېرىپ مال ئالالماي قۇرۇق قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ چىقىم سەرمايىگە بولىدۇ، ئۆزىنىڭ پۇلى ۋە مۇزارەبە پۇلىغا مال ئېلىش ئۈچۈن سەپەر قىلغان بولسا پۇل مىقدارى بويىچە چىقىم تەقسىم قىلىنىدۇ، بىرقانچە كىشىنىڭ پۇلىغا مال ئېلىش ئۈچۈن بارغان بولسا چىقىم ھەممىگە ئۆز مىقدارى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ.

چىقىم سەرمايىدىن چىقىرىلامدۇ ياكى پايدىدىنمۇ؟ پايدا چىققان بولسا چىقىم پايدىدىن كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ، پايدا چىقمىغان بولسا سەرمايىدىن كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ، ئۆز يېنىدىن چىقىم قىلىپ قويغان بولسا بۇنى پايدىدىن ياكى پايدا بولمىسا سەرمايىدىن تۇتۇۋالىدۇ.[45]

ئۆزىنىڭ پۇلى بىلەن بىللە مۇزارەبە پۇلىنى ئېلىپ سەپەرگە چىققان بولسا، ياكى پۇل ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن ياكى تىجارەتچىلەر ئارىسىدىكى ئادەت بويىچە ئۆزىنىڭ پۇلىنى مۇزارەبە سەرمايىسىگە ئارىلاشتۇرغان بولسا، ياكى باشقا-باشقا ئىككى كىشىدىن مۇزارەبەگە ئالغان پۇلنى ئارىلاشتۇرغان بولسا، چىقىمنى ھەر بىر پۇلنىڭ مىقدارى بويىچە پىرسەنتلەشتۈرۈپ بەلگىلەيدۇ، ئۆزىنىڭ يېنىدىن چىقىم قىلىپ تۇرۇپ كېيىنچە مۇزارەبە سەرمايىسىدىن تۇتۇۋالمەن دېسىمۇ بولىدۇ، لېكىن بۇنداق ئەھۋالدا مۇزارەبە سەرمايىسى پۈتۈن يوقاپ كەتسە ياكى پۈتۈن زىيان چىقسا قىلغان چىقىملىرىنى پۇل ئىگىسىدىن ئالالمايدۇ، چۈنكى پۇل ئىگىسى پۇلىدىن باشقا زىياننى تارتمايدۇ. مەسىلەن: پۇل ئىگىسى 1000 يەن پۇلنى مۇزارەبەگە بەرگەن بولسا، كۆچ ئىگىسى بۇ پۇلنى ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن 100 يەن چىقىم قىلغان، مۇزارەبەدىن 150 يەن پايدا چىققان بولسا، 100 يەن پايدىنى كۆچ ئىگىسى قىلغان چىقىم دەپ بېرىۋېتەكەندىن كېيىن 50 يەن پايدىنى ئىككەيلەن پۈتۈشكەن بويىچە ئۈلىشىۋالىدۇ.[46]

## پۇل ئىگىسى بىلەن كۆچ ئىگىسى ئوتتۇرىدا يۈز بېرىدىغان جىدەل-ماجىرالارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟

ئەلۋەتتە كېيىنچە جىدەل-ماجىرا ياكى تالاش-تارتىش يۈزبەرمەسلىكى ئۈچۈن شۇنداقلا تالاش-تارتىش يۈزبەرسە ھەر بىر تەرەپنىڭ ھوقۇقى قوغدىلىشى ئۈچۈن ئىسلام كۆرسەتمىسىگە تولۇق رىئايە قىلىش زۆرۈر، شۇڭا مۇزارەبە كېلىشىمى توغرا ئۇسۇلدا بولۇشى بەك مۇھىم، توغرا بولغاندىن كېيىن

---

[44]-فقه السنة 3-توم 330-بەت.

[45]- بدائع الصنائع 6-توم 106-بەت، الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 8864-865-بەتلەر. الفقه على المذاهب الأربعة 3-توم 48-بەت.

[46]- رد المحتار4-توم 491-بەت. الفقه الحنفي في ثوبه الجديد 5-توم 85-86-بەتلەر.

بارلىق كېلىشىم ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى ئېنىق بەلگىلىنىشى، ھۆججەتلىنىشى ياكى گۇۋاھلىنىشى زۆرۈر، شۇنداق قىلغاندىلا كېيىنچە ياق بىز ئۇنداق پۈتۈشكەن، بۇنداق دېيىشكەن، دەپ جىدەللىشىدىغان يكى بەزى كېلىشىم بەندىگە تېنىۋالىدىغان ياكى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئەھۋال يۈزبەرمەيدۇ. بۇنداق قىلمىغان تەقدىردە بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈزبېرىدۇ، بەزى ھەقلەر زايا بولۇپ كېتىدۇ. ھۆججەتلەپ قويمىغان ئەھۋالدا تالاش-تارتىشلار تۆۋەندىكىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ:

1-مەلۇم ۋاقىت، جاي ياكى تاۋارنى بەلگىلىمەي چەكلىمىسىز كېلىشىم قىلغان ياكى بىر نەرسە بەلگىلەپ چەكلىمىلىك كېلىشىم قىلغان دەپ تالاش-تارتىش بولۇپ قالغان ئەھۋالدا، چەكلىمىسىز كېلىشىم قىلغان دېگەن تەرەپنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ سۆزى مۇزارەبە كېلىشىمگە بەكراق ئۇيغۇن كېلىدۇ، مۇزارەبە كېلىشىمدىن كۆزلەنگەن پايدا چەكلىمىسىز تىجارەت قىلىش ئارقىلىق تولۇق قولغا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا چەكلىمىسىزلىكنى داۋا قىلغۇچى بىر قېتىم قەسەم قىلىپ بەرسە ئۇنىڭ سۆزى ھېساب بولۇپ كېتىدۇ.

ئەمما چەكلىمە قويۇلغان تۈردە ئىخلاپ بولۇپ قالسا، مەسىلەن: پۇل ئىگىسى مەن سىزگە رەخ تىجارىتى قىلىشقا بەرگەن دېسە، كۈچ ئىگىسى: ماڭا پۇلنى بۇغداي تىجارىتى قىلىشقا بەرگەن ئىدىڭىز دېسە: بۇنداق ئەھۋالدا پۇل ئىگىسىنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ، چەنكى مۇزارەبە ھەر ئىككى تاۋارغا مۇناسىپ كەلگەچكە پۇل ئىگىسىنىڭ بەرگەن رۇخستى بىلەن ئۇنىڭ سۆزى كۆچكە ئىگە بولىدۇ. كۈچ ئىگىسى ئىسپات كەلتۈرەلىسە ئۇنىڭ ئىسپاتى ھېساب بولىدۇ.

2- ئىككى تەرەپ سەرمايىنىڭ زايا بولۇپ كېتىشىدە تالاش-تارتىش قىلىپ قالسا، كۈچ ئىگىسى زايا بولۇپ كەتتى دەپ پۇل ئىگىسى زايا بولمىدى دەپ تۇرىۋالسا، ياكى پۇل ئىگىسى كۈچ ئىگىسگە سەن پۇلغا خىيانەت قىلدىڭ دەپ تۇرىۋالسا، كۈچ ئىگىسى بۇنى ئىكار قىلسا، بارلىق ئالىملارىڭ قارىشىدا كۈچ ئىگىسىنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ، چۈكى ئۇ ئامانەت ساقلىغۇچىدۇر، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ بىر قېتىم قەسەم قىلىپ بەرسە ئۇنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ.

3-ئىككى تەرەپ پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشتە ئىختىلاپلىشىپ قالسا، مەسىلەن: كۈچ ئىگىسى پۇلنى قايتۇرۇپ بەردىم دېسە، پۇل ئىگىسى پۇلنى قايتۇرۇپ ئالمىدىم دېسە، بۇنداق ئەھۋالدا پۇل ئىگىسىنىڭ سۆزى بىر قېتىم قەسەم قىلىپ بەرسە ھېساب بولىدۇ.

4-سەرمايە مىقدارىدا تالاش-تارتىش قىلىپ قالغاندا بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدا كۈچ ئىگىسنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ، مەسىلەن: پۇل ئىگىسى: ساڭا 2000 يەن بەردىم دېسە، كۈچ ئىگىسى: ماڭا 1000 يەن بەردىڭ دېسە، بۇنداق ئەھۋالدا كۈچ ئىگىسنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ، چۈنكى مۇزارەبە پۇلى دەسلەپتە تاپشۇرۇپ ئالغاندا ئامانەت ھۆكمىنى ئالىدۇ، ئامانەتنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ.

ئىككى تەرەپ ھەم سەرمايە مىقدارىدا ھەم كېلىشكەن پايدا مىقدارىدا تالاش-تارتىش قىلىپ قالسا، مەسىلەن: پۇل ئىگىسى:ساڭا 2000 يەن بەردىم، سەن پايدىنىڭ ئۈچتەن بىرىنى ئالىدىغان بولغان دېسە، كۈچ ئىگىسى: سەرمايە 1000 يەن ئىدى، مەن پايدىنىڭ يېرىمىنى ئالىدىغان بولغان

ئىدىم دېسە، سەرمايە مىقداردا كۆچ ئىگىسىنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ، پايدا مىقداردا پۇل ئىگىسىنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ.

قايسى بىرى سۆزىگە ئىسپات كەلتۈرسە ئەلۋەتتە ئىسپات بويىچە ئىش قىلىنىدۇ، ئىسپات بولمىغاندا ئاندىن ئۇلارنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ. ناۋادا ھەر ئىككى تەرەپ ئىسپات كەلتۈرگەن بولسا سەرمايە مىقدارىنى بەلگىلەشتە پۇل ئىگىسىنىڭ ئىسپاتى ھېساب بولىدۇ، چۈنكى ئۇ پۇل ئىگىسى بولغاچقا ئۇنىڭ ئىسپاتى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. پايدا مىقدارىنى بەلگىلەشتە كۆچ ئىگىسىنىڭ ئىسپاتى ھېساب بولىدۇ، چۈنكى ئالغان پايدىنى بىكىتىشتە كۆچ ئىگىسىنىڭ ئىسپاتى كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

پايدا مىقدارىدىلا تالاش-تارتىش بولۇپ قالسا ئىسپات بولمىغاندا پۇل ئىگىسى قەسەم قىلىپ بەرسە سۆزى ھېساب بولىدۇ.

5-ئىككى تەرەپ كېلىشىم تۈرىدە تالاش-تارتىش قىلىپ قالسا، مەسىلەن: پۇل ئىگىسى مەن سىزگە پۇلنى مۇزارەبەگە بەرگەن ياكى ئامانەت بەرگەن دېسە، كۆچ ئىگىسى: ماڭا پۇلنى قەرز بەرگەن ئىدىڭ، پايدىسىنى مەن ئالىمەن دېسە، پۇل ئىگىسىنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ، ھەر ئىككىسى ىسپات كەلتۈرگەن تەقدىردە كۆچ ىگىسىنىڭ ئىسپاتى ھېساب بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئەھۋالدا كۆچ ئىگىسى داۋاگەر، پۇل ئىگىسى ئىنكار قىلغۇچى بولىدۇ.

پۇل ئىگىسى: قەرز بەرگەن ئىدىم دېسە، كۆچ ئىگىسى مۇزارەبەگە بەرگەن ئىدىڭ دېسە، كۆچ ئىگىسىنىڭ سۆزى ھېساب بولىدۇ، چۈنكى ئۇ تۆلەشنى ئىنكار قىلغۇچىدۇر. قايسى بىرى ئىسپات كەلتۈرەلىسە شۇ ئىسپات ھېساب بولىدۇ، ھەر ئىككىسى ئىسپات كەلتۈرگەن تەقدىردە پۇل ئىگىسىنىڭ ئىسپاتى ئالدى ئورۇندا تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئىسپاتى ئىسپاتلاش جەھەتتە كۈچلىكرەك بولىدۇ (47)

## مۇزارەبە كېلىشىمى قانداق ئەھۋالدا ئەمەلدىن قالىدۇ؟

مۇزارەبە كېلىشىمى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا ئەمەلدىن قالىدۇ:

1- كېلىشىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش. مۇزارەبەدە ئايلاندۇرىۋاتقان پۇل نەخ بولسا قايسى تەرەپ كېلىشىمنى بوزىۋەتسە مۇزارەبە كېلىشىمى ئاياغلاشقان بولىدۇ، پۇل ئىگىسى كېلىشىمنى بۇزىۋەتكەن ئەھۋالدا كۆچ ئىگىسى مۇزارەبەنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن خەۋەردار بولىشى كېرەك، خەۋەردار بولماي تىجارەتنى داۋاملاشتۇرسا بۇ تىجارەت مۇزارەبەگە ھېساب بولىدۇ. خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قولىدىكى نەخ پۇل يەن بولسا، ئەسلىدە مۇزارەبە سەرمايىسى دوللەر بولغان بولسا، يەننى دوللەرگە ئايلاندۇرسا بولىدۇ، لېكىن ئۇندىن كېيىن ئۇنى باشقا پۇلغا ئالماشتۇرالمايدۇ، سەرمايىنى ھېچقانداق بىر ئىشقا ئىشلىتەلمەيدۇ.

[47]-بدائع الصنائع 6-توم109-بەت، المغني 5-توم 70-بەت، بداية ا لمهد 2-توم 241-بەت. رد المحتار4-توم 492-بەت.الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 869-872-بەتلەر. الفقه الحنفي في ثوبه الجديد 5-توم 86-88-بەتلەر.

پۇل ئىگىسى مۇزارەبەگە دوللەر چىقارغان بولسا، پۇلنى دوللەرگە ئايلاندۇرۇپ ئانا پۇلنى ئېلىش هەققى بار، ئاندىن پايدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ياكى ماقۇل كەلسە شۇ دوللەر قىممىتىنى يەن بىلەن باهالاپ يەن ئالسىمۇ بولىدۇ، دوللەر باهاسى مۇزارەبەگە بەرگەن كۈننىڭ باهاسىدا ئەمەس، تەقسىم قىلىدىغان كۈننىڭ باهاسىدا هېسابلىنىدۇ.

نەخ پۇل بولماي كۆچ ئىگىسىنىڭ قولىدا مال بولسا، پۇل ئىگىسى كۆچ ئىگىسىنى ياكى مۇزارەبە كېلىشىمنى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ، ئۇ قولىدىكى مالنى نەخ پۇلغا ئايلاندۇرغانغا قەدەر مال ساتىدۇ، كۆچ ئىگىسى ئۇنى قولىدىكى مالنى سېتىشتىن توسۇۋالالمايدۇ. ئەمما كۆچ ئىگىسى شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ قولىغا چۈشكەن نەخ پۇلغا يېڭىدىن مال سېتىۋالمايدۇ.[48]

2-ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتسە كېلىشىم ئاياغلاشقان بولىدۇ. چۈنكى مۇزارەبە كېلىشىمى ۋاكالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ۋاكالەت ۋەكىل ياكى مۇۋەككىلنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاياغلىشىدۇ، يەنە بىر تەرەپ شېرىكىنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپسۇن ياكى تاپمىسۇن ئوخشاشلا مۇزارەبە شۇ چاغدىن تارتىپ ئاياغلاشقان بولىدۇ.

پۇل ئىگىسى ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇزارەبە كېلىشىمى بۇزۇلىدۇ، سەرمايە نەخ قالغان بولسا كېلىشىم بۇزۇلغان ئىكەن كۆچ ئىگىسىنىڭ ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش هەققى بولمايدۇ، قولىدا نەخ پۇل ئەمەس تاۋار قالغان بولسا، ناۋادا پۇل ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەردار تۇرۇپ مىراسخورلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي مۇزارەبە مېلىنى بىر تەرەپ قىلسا، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەيدۇ، چۈنكى ئۇ باشقىلارنىڭ مېلىنى رۇخسەتسىز بىر تەرەپ قىلغان بولىدۇ. باشقا يۇرتقا مالنى ئېلىپ سەپەر قىلالمايدۇ. بەزى ئالىملار مالنى سېتىۋېتەلەيدۇ، چۈنكى ئۇنى ساتمىسا كۆچ ئىگىسى هەققىنى ئالالماي قالىدۇ دەپمۇ قارىغان.

چىققان پايدا كېلىشىمدە پۈتۈشكەن بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، مالنىڭ هەممىسى ياكى بىر قىسمى تېخى نەخلەشمىگەن بولسا پۇل ئىگىسىنىڭ مىراسخورلىرى بىلەن كۆچ ئىگىسى ئۇنى بىرلىشىپ سېتىپ ياكى تاۋار هالىتىدە ئۆلىشىۋالسىمۇ بولىدۇ.

كۆچ ئىگىسى سېتىشقا رازى بولۇپ پۇل ئىگىسى مالنى ساتقىلى ئۇنىماي تۇرىۋالسا پۇل ئىگىسى مالنى سېتىشقا مەجبۇرلىنىدۇ، چۈنكى كۆچ ئىگىسىنىڭ پۈتۈشكەن بويىچە پايدا ئېلىش هەققى بار، ئۇ بۇ هەققىگە شۇ مالنى ساتقاندىلا ئاندىن ئېرىشەلەيدۇ.[49]

3-ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ساراڭ بولۇپ قالسا كېلىشىم ئاياغلاشقان بولىدۇ. چۈكى ساراڭلىق كېلىشىم سالاهىيىتىنى يوقۇتىۋېتىدۇ.

4-پۇل ئىگىسى ئىسلامدىن يېنىپ مۇرتەد بولۇپ كەتسە مۇزارەبە كېلىشىمى ئاياغلاشقان بولىدۇ. چۈنكى مۇرتەدلىك مال ئىگىدارچىلىق ئەهۋالىنى ئۆزگەرتىۋەتكەچكە كېلىشىم سالاهىيىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇرتەد بولغان كىشىنىڭ مال-مۈلكى ئۇنىڭ ئىگىلىكىدە

---

48- الفقه الحنفي في ثوبه الجديد 5-توم 81-بەت.

49-فقه السنة 3-توم 331-332-بەتلەر، الفقه الحنفي في ثوبه الجديد 5-توم 80-بەت.

بولمايدۇ. كۆچ ئىگىسى مۇرتەد بولۇپ كەتكەن بوسا مۇزارەبە داۋاملىشىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ مال ئىگىدارچىلىق سالاھىيىتى يەنىلا مەۋجۇت([50])، پەقەتلا ھارام ماددىلاردا ياكى ھارام تىجارەت قىلىشى جەھەتتىنلا پۇل ئىگىسى ئۇنى نازارەت قىلىشى كېرەك بولىدۇ. ئەمما مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىدا مۇزارەبە بولمايدۇ دېگەن قاراشقا ئاساسەن كۆچ ئىگىسى مۇرتەد بولۇپ دىدىن يېنىپ كەتسە مۇزارەبە كېلىشىمى ئاياغلىشىدۇ.

5-مۇزارەبە سەرمايىسى كۆچ ئىگىسىنىڭ قولىدا يوقاپ كەتسە مۇزارەبە ئاياغلىشىدۇ. چۈنكى ئۇ ئامانەت، ئامانەت يوقاپ كەتكەندىن كېيىن مۇزارەبە قىلالمايدۇ. شۇنداقلا كۆچ ئىگىسى سەرمايىنى باشقا بىرىگە بېرىۋەتسە، ياكى خەجلىۋەتسە ياكى يەۋالسا، ئۇنىڭ بىلەن بىر نەرسە سېتىۋالالمايدىغان بولغاچقا مۇزارەبە كېلىشىمى ئاياغلاشقان بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردا مۇزارەبە كېلىشىمى ئاياغلاشسا، سەرمايىنىڭ ياكى مۇزارەبەنىڭ پۇلى باشقىلاردا قەرز بولسا، كۆچ ئىگىسى مۇزارەبەدىن پايدا ئالغان بولسا بۇ قەرزلەرنى ئۇ يىغىپ بېرىشى كېرەك، چۈنكى ئۇ ئىشلىگۈچى، ئۇنىڭ ئىش ھەققى شۇ قەرزنى يىغقاندىلا قولىغا تېگىدۇ، ھەمدە قەرزنى يىغمىسا ئۇنىڭ ئىشى تولۇق پۈتمىگەن بولىدۇ، پايدا ئالمىغان بولسا يىغىپ بېرىشى كېرەك ئەمەس، چۈنكى ئۇ بۇنداق ئەھۋالدا بىكارغا ئىش قىلىپ بەرگەن ئادەم ھېسابىدا بولىدۇ، بۇ سەۋەبتىن قەرزنى يىغىپ بېرىش مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ. پەقەتلا قەرز تاپشۇرىدىغانلارنى پۇل ئىگىسىگە تونۇشتۇرۇپ ئۇلارنى كۆرسىتىپ قويىشى ۋە پۇلنى مۇشۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار دەپ قويىشى كېرەك. ھۆججەت ئارقىلىق قەرزنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ۋاكالىتى چىقىرىپ بېرىش لازىم بولسا چىقىرىپ بېرىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا پۇل ئىگىسىنىڭ ھەققى زايا بولۇپ كەتمەيدۇ. ئازغىنە قەرز بولسا يىغىپ بەرگىنى تۈزۈك ئەلۋەتتە. قەرز يىغىشقا كەتكەن كىرا ياكى باشقا چىقىملار سەرمايىدىن بولىدۇ.

مۇزارەبەدىن زىيان چىققان بولسا ئالدى بىلەن چىققان پايدىدىن كۆتۈرۈلىدۇ، زىيان پايدىدىن ئارتۇق بولسا ئانا سەرمايىدىن كۆتۈرۈلىدۇ، كۆچ ئىگىسى زىياننى كۆتۈرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئامانەت ساقلىغۇچىدۇر. مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماي بىپەرۋالىق قىلىپ زىيانغا سەۋەب بولغان بولسا زىياننى تۆلەيدۇ.([51])

## مۇزارەبە شىركىتىدە مەبلەغنىڭ زاكىتىنى پۇل ئىگىسى بېرەمدۇ ياكى كۆچ ئىگىسىمۇ؟

مۇزارەبە كېلىشىمىدە پۇلنىڭ زاكىتىنى پۇل ئىگىسى بېرىدۇ، ئۇ ئانا پۇل بىلەن ئۇنىڭ پايدىسىغا زاكات بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن بارلىق چىقىم ۋە كۆچ ئىگىسىمىڭ پايدىسىنى، يەنە باشقىلارغا بېرىشى كېرەك بولغان قەرزنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن قالغان پۇلغا ئىككى يېرىم پىرسەنت مىقداردا زاكات بېرىدۇ، كۆچ ئىگىسى مۇزارەبە پۇلىنىڭ ئىگىسى بولمىغاچقا ئۇنىڭ زاكىتىنى

---

[50]- الفقه الحنفي في ثوبه الجديد 5-توم 80-81--بەت.

[51]-الفقه الإسلامي وأدلته 4-توم 872-874-بەتلەر. الفقه الحنفي في ثوبه الجديد 5-توم 82-بەت.

كۆچ ئىگىسى بەرمەيدۇ، پەقەتلا ئۇ ئالىدىغان پايدا يالغۇز ھالەتتە ياكى باشقا ماللىرى بىلەن زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە، بىر يىل ئۆتكەندە زاكات بېرىدۇ.

### مۇزارەبە شىركىتىدە كۆچ ئىگىسى مۇزارەبە سەرمايىسىنى ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ سەرمايىسىغا ئارىلاشتۇرسا بولامدۇ؟

شۇ يۇرتتىكى تىجارەتچىلەرنىڭ ئادىتىدە كۆچ ئىگىسى مۇزارەبە شىركىتىنىڭ سەرمايىسىنى ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ سەرمايىسىگە ئارىلاشتۇرىدىغان ئادەت بولسا، بۇ جائىز بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا پۇل ئىگىسىنىڭ بۇ خۇسۇستا ئايرىم رۇخسىتى كېرەك ئەمەس، ئەمما تىجارەتچىلەرنىڭ ئادىتىدە ئارىلاشتۇرمايدىغان ئادەت بولسا پۇل ئىگىسى ئارىلاشتۇرۇشقا ئايرىم رۇخسەت قىلىشى كېرەك، ياكى ئۆزىڭىز خالىغىنىڭىزچە بىر تەرەپ قىلىڭ دېگەندەك ئومۇمىيلىق رۇخسەت بەرسە بولىدۇ.[52]

### مۇزارەبە كېلىشىمى بويىچە چىققان پايدىنى ئۆلەشكەندىن كېيىن سەرمايىنى قايتۇرۇپ ئالمايلا يېڭىدىن مۇزارەبە كېلىشىمى قىلسا، كېيىن زىيان چىقسا قانداق بولىدۇ؟

مۇزارەبە كېلىشىمى بويىچە تىجارەت قىلغاندىن كېيىن بارلىق ھېساب بوغۇلۇپ پۇل نەخلەشكەندىن كېيىن ئىككى تەرەپ پايدىنى پۈتۈشكەن بويىچە ئالسا، كېيىن پۇل ئىگىسى ئەسلى سەرمايىنى قولىغا قايتۇرۇپ ئالماي تۇرۇپ يەنە مۇزارەبە كېلىشىمىنى داۋاملاشتۇرغان ئەھۋالدا كېيىن زىيان چىقسا، بۇ زىيان سەرمايىگە بولىدۇ-دە بۇنى پۇل ئىگىسى تارتىدۇ، كۆچ ئىگىسى تارتمايدۇ، چۈنكى بۇ يېڭى بىر كېلىشىم ھېسابىدا بولىدۇ. مۇزارەبە تېخى ئاياغلاشماي تۇرۇپ چىققان پايدىنى بۆلۈشۇالغان بولسا، كېيىن زىيان چىقسا ئۇلار ئالغان پايدا سەرمايىگە قايتۇرىلىدۇ، سەرمايە تولۇقلىنىپ پايدا ئۈنىڭدىن ئاشقان تەقدىردە ئاندىن ئۇ پايدىنى ئىككىيلەن بۆلۈشۇالسا بولىدۇ. سەرمايە تولۇقلانمىسا كۆچ ئىگىسى بۇ زىياننى تۆلىمەيدۇ.[53]

### مۇزارەبە كېلىشىمىدە پايدىنىڭ بىر قىسمىنى ئۈچىنچى بىر شەخسكە بېرىشكە پۈتۈشسە بولامدۇ؟

بەزى ئالىملار بۇنداق قىلسا بولىدۇ دەپ قارىغان، چۈنكى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز نىيسۇسىدىن بىر قىسمىنى كېلىشىمنىڭ سىرتىدىكى باشقا بىر شەخس ياكى ئورۇنغا بېرىۋېتىشكە پۈتۈشكەن بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ تولۇق ھەققىدۇر، ھەمدە بۇنىڭدا سەدىقە ـئېھسان ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇش ۋە ساخاۋەت يولىنى كەڭ ئېچىۋېتىش بار. چۈنكى خەير-ساخاۋەت جەمئىيەتلىرى، دارۇل ئەيتام، ھاجىلارنى كۈتۈشلىش خىزمىتى ياكى مەلۇم بىر بىچارە شەخس ياكى مىسكىنلەردىن خەۋەر

---

52- الفقه على المذاهب الأربعة 3-توم51-بەت.

53- الفقه على المذاهب الأربعة 3-توم51-بەت، الفقه الحنفي في ثوبه الجديد 5-توم 82-83-بەت.

ئالدىغان ئورۇن قاتارلىق سەدىقە ياكى ياردەمگە مۇھتاج ئورۇنلارغا ياردەم قىلىشقا پۈتۈشۈپ، مۇزارەبەدىن چىققان پايدىنىڭ بىر قىسمىنى مەسىلەن 5% نى شۇ ئورۇنغا بېرىمىز دەپ كېلىشىم قىلسا بۇ خەير-ساخاۋەتلىك ئىش بولىدۇ.

## مۇزارەبە كېلىشىمىدە سەرمايىگە كېپىل بولغان كىشى پايدىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىشنى شەرت قىلسا بولامدۇ؟

مۇزارەبە كېلىشىمىدە كۆچ ئىگىسى ئامانەت ساقلىغۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن سەۋەنلىك ئۆتمەستىن تەبىئىي ئاپەت ياكى باشقا بىر بۇلاش ۋەقەسىدەك كېلىشمەسلىك تۈپەيلىدىن بۇ ئامانەت زايا بولسا، ئۇ زىياننى تۆلىمەيدۇ. ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىقى ياكى ياخشى خەۋەر ئالمىغانلىقى سەۋەبىدىن زايا بولۇپ كەتسە زىياننى تۆلەيدۇ.

پۇل ئىگىسى بىرىنچى تۆردىكى زىيانغا (سەۋەنلىكسىز زايا بولۇشتىن كېلىدىغان زىيانغا) كېپىل (بورىن ياكى زامىن) تەلەپ قىلسا بولمايدۇ. ئىككىنچى تۆردىكى زىيانغا (بىپەرۋالىقتىن ۋە تاجاۋۇز قىلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانغا) كېپىل (بورىن ياكى زامىن) تەلەپ قىلسا بولىدۇ.([54])

ئەمما كېپىل بولۇش دېگەن بەدەلسىز ھالەتتە پىداكارلىق بىلەن تەقدىم قىلىدىغان ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىش ھەققى ئېلىشقا ياكى پايدىنىڭ بىر قىسمىنى شەرت قىلىشقا بولمايدۇ.

## مۇزارەبەگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك مەسىلىلەر

- يېتىم بالىدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشى يېتىمنىڭ پۇلىنى ئېلىپ مۇزارەبە قىلسا بولامدۇ بولمامدۇ؟ بەزى ئالىملار: ئۆزىگە ئادەتتىن يۇقىرى پايدا بەلگىلىۋالماي ئەلنەرخى پايدا بەلگىلىسە جائىز بولىدۇ دەپ قارىغان، يەنە بەزى ئالىملار: كىشىلەر ناجارلىشىپ كەتكەچكە مۇتلەق جائىز بولمايدۇ دەپ قارىغان.

- كۆچ ئىگىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ قالدۇرغان مال-مۈلكىدە مۇزارەبەگە تەۋە مال ئېنىق بىلىنمىسە، مۇزارەبە پۇلى ئۇ قالدۇرغان مال-مۈلۈكتىن قەرز ھېسابىدا چىقىرىلىدۇ، چۈنكى ئۇ نامەلۇم بولغاچقا ئىشلىتىۋەتكەن بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

-كۆچ ئىگىسى باجگىرگە ياكى بازار باشقۇرۇشقا ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن بىر نەرسە بەرگەن بولسا، بۇ چىقىم مۇزارەبە پۇلىدىن چىقىرىلىدۇ.

-كۆچ ئىگىسى مۇزارەبە سەرمايىسىگە مال ئالغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپرەك پايدا ئېلىش مەقسىتىدە مالنى ھازىر ساتماي ئۇبدانراق پايدا چىققاندا ساتىمەن دەپ تۇرىۋالسا، پۇل ئىگىسى: ياق ھازىر سېتىۋېتىسەن دەپ تۇرىۋالسا، ئۇنىڭ مالنى ساتماي تۇرىۋېلىش ھەققى يوق. پەقەتلا ئانا پۇلنى (پايدا چىققان بولسا نېسىۋىسى بىلەن) پۇل ئىگىسىگە تاپشۇرىۋەتسىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ

---

[54]-الفقه بلۆ المۋاهب الۆربە 3-توم 52-بەت.

ھېسابىغا مالنى ساتماي ساقلىسا ئىختىيارى، پۇل ئىگىسىنىڭ ئۇنى مالنى سېتىشقا زورلاش ھەققى بارمۇ؟ مالدا پايدا چىققان بولسا سېتىشقا مجبۇرلاش ھەققى بار، پايدا چىقمىغان بولسا سېتىشقا زورلاش ھەققى يوق. بۇنداق ئەھۋالدا كۆچ ئىگىسى پۇل ئىگىسگە ئانا پۇلنى ياكى مالنى ئانا پۇل ئورنىغا بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ.

كۆچ ئىگىسى قەرزگە بوغۇلغان ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مۇزارەبە مېلى ئېنىق بولسا، مۇزارەبە مېلى بىلەن بەلگىلەنگەن پايدىنى پۇل ئىگىسى ئالسا بولىدۇ، كۆچ ئىگىسىنىڭ پايدىسى قەرزگە ھېسابلاپ بېرىلىدۇ.

-ئىككى تەرەپنىڭ بىرى يەنە بىرىنى مەلۇم مىقدار پۇلغا خىيانەت قىلدى دەپ تۇرىۋالغان ئەھۋالدا، قارىلانغۇچى قەسەم قىلىپ بەرسە ئاقلانغان بولىدۇ، قەسەم قىلماي تۇرىۋالسا خىيانەت قىلغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ.(55)

[55]- الفقه الحنفي في ثوبه الجديد 5- توم 92 - 94-بەتلەر.